مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك مەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال



# مىراس

2017 1

ISSN 1004-3829
02>

MIRAS

美拉斯

MIRAS (HERITAGE) OF UYGHUR FOLK CULTURE



ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ
رەئىسى ھېيتەم ھۇسەيىن



ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ،
«مىراس» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ژاھىتجان غوپۇر



«مىراس» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى مۇختار مۇھەممەد



«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ، شائىر ياسىن زىلال

# ميراس

قوش ئايلىق ژۇرنال 2011 ـ يىل 1 ـ سان

(ئومۇمىي 123 ـ سان)

## ميراسلىرىمىز

دۇنيا ميراسى ـــ مەشرەپ .................... ئۆز مۇخبىرىمىز (1)
ئۇيغۇر مۇقامىنىڭ يېڭى باھارى .................... يالقۇن ياقۇپ (39)

## ئەلنىڭ قۇلىقى ئەللىك

«ميراس» ژۇرنىلى نەشرىياتىنىڭ 2010 ـ يىللىق سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ... ۋاھىتجان غوپۇر (3)

## يېمەكلىرىمىز

ئۇيغۇرلارنىڭ دورىلىق چاي مەدەنىيىتى .......... مەنسۇرجان تۇرسۇن (4)
كېسەل ئېشى ۋە ئۇنى تەييارلاش ئۇسۇلى ...... نۇرنىساخان مەتسىدىق (25)

## ئادەت قېرىماس

قاسىم ئاخۇننىڭ كامىل ئەپەندىگە يازغان ئالتە پارچە خېتى ..............
.................... گۇستاف. راكويېت (شۋېتسىيە) (8)
ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپىدە «يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىش» ئويۇنى ...........
.................... ئابدۇخېلىل مىرخېلىل (27)
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ياغاچتىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە ئۇنىڭ ساقلىنىـ
ـنى ساقلاش رولى .................... قۇربانجان ئوبۇل (58)

## چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار

پانتوسوف خاتىرىلىگەن ئۇيغۇر قىز ـ يىگىتلىرىنىڭ پوتا ئويۇنىدا ئېيتىلىدىغان
بېيىتلىرى .................... توپلىغۇچى: نىجات سوپى (19)



باش مۇھەررىر:
**ۋاھىتجان غوپۇر**
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
مۇھەررىرلەر:
**نۇرنىسا باقى**
**خۇرسەنئاي مەتىمىن**
**ئەزىزە تۇيغۇن**
جاۋابكار مۇھەررىر:
**نۇرنىسا باقى**

**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
**نەشر قىلغۇچى:** «ميراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت
Tel: (0991) 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65 ـ 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 ـ 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E_mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 6.00 يۈەن
جۈپ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

## مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!


شۇۋېتسىيەلىك مىسسىيونېر سېگفرىد موئېن توپلىغان ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىن ........................ تاللانمامۇتجان ئىمىن (31)

خوتەندىكى ئېكسپېدىتسىيە ............ زۇلھايات ئۆتكۈر تەرجىمىسى (47)

مانېرھېمنىڭ ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى ...... مانېرھېم (فىنلاندىيە) (50)

كۆن چىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى ... توپلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد (68)


### بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا


شىپالىق ئالما ........................ توپلىغۇچى: تۇرسۇن ئۆمەر (35)


### ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى


قەشقەردە ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئائىت قەدىمقى كىتابلارنىڭ كاتالوگى ................................ ئابدۇراخمان باقى (71)


**مىراس ژۇرنىلىدىكى مۇھەررىرلەر ژۇرنىلىمىزنىڭ بارلىق ئاپتور ۋە ئوقۇرمەنلىرىگە قىزغىن سالام يوللايدۇ!**


مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەزىزە تۇيغۇن
تەكلىپلىك كوررېكتور: ھاۋاخان ئارىپ
كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تىلىۋالدى
ماۋزۇ ۋە ئىچ بەت سۈرەتلەرنى لايىھەلىگۈچى: مەريەمگۈل ئىدرىس

ماۋزۇ ۋە ئىچ بەتتىكى سۈرەتلەرنى تۇردى ئىمىن، غەيرەت مەتىمىن، ئۆركەش جاپپار قاتارلىقلار تەمىنلىگەن
مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدىكى رەسىمنى تۇردى ئىمىن سىزغان

Chief editor: Wahitjan Ghopur
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Nurnisa Baki


## 保护文化遗产
## 捍卫精神家园


总编：
瓦依提江·吾甫尔
副总编：
穆合塔尔·穆罕默德
(法人代表)
编辑：
努尔尼沙·巴克
胡尔仙阿依·买买提明
艾孜再木·吐依洪
本期责人编辑：
努尔尼沙·巴克

主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路 716 号文联 14 层)
电话:(0991)4554017
印刷:新疆日报社印务中心
发行:乌鲁木齐邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一刊号:CN65—1130/I 国外统一刊号:ISSN1004—3829 邮政代号:58—60
E_mail: mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
广告许可证号:6500006000040
邮编:830001
定价:6.00 元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 _ 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 _ 3829
PostCode : 58 _ 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥



# دۇنيا مىراسى — مەشرەپ

مەشرەپ — ئۇيغۇر تىلىدا «ناخشا-ئۇسسۇل بىلەن شاد-خۇراملىقتا تولغان سورۇن» دېگەن مەنىدە بولۇپ، مىللىي خاسلىقى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئەڭ ئاممىۋى، ئۆزگىچە، كۈچلۈك ئەجايىپ مەدەنىيەت قىممىتىگە ئىگە. ئىلمىي غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى.

ئۇ مۇقام بىلەن ئەلنەغمىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ، ئەلنەغمە، غەزەل-قوشاقلار، تېپىشماق، ۋائىزلىق، جەڭنامە، پەند-نەسىھەت، سېرىك-سېھرگەرلىك ۋە ھەرخىل كومېدىيەلىك ئويۇنلاردىن تەركىب تاپقان.

مەشرەپكە قاتنىشىدىغان ئادەم سانى چەكلەنمەيدۇ. ئادەتتە ھېيت-بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرى ياكى كەچقۇرۇنلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

بۇ چاغدا كىشىلەر بىر يەرگە يىغىلىپ، مۇزىكا چېلىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، سېرىك-سېھرگەرلىك كۆرسىتىدۇ.

مەشرەپتە ئوينىلىدىغان ئۇسسۇلنى شەكلى ۋە مەزمۇنىغا قاراپ، ئۆرپ-ئادەت ئۇسسۇلى، تەقلىدىي ئۇسسۇل ۋە ئەمگەك ئۇسسۇلىغا بۆلۈشكە بولىدۇ.

ئۆرپ-ئادەت ئۇسسۇلى ئەڭ كۆپ تارقالغان

بولۇپ، ئۇ ئۆز ئىچىدىن «كۆك مەشرىپى»، «مېلىس مەشرىپى»، «سەنەم» قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

كۆك مەشرىپى قىش ۋە باھار پەسلىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. مەلۇم بىر ئائىلە كىچىك قاچىدا بۇغداي ئۈستۈرۈپ، كۆكى چىققاندا قىز-ئوغۇل، قېرى-ياشنى چاقىرىپ، مەشرەپ ئۆتكۈزىدۇ.

ئۇسسۇل ئويۇنغۇچى قولىدا گۈل تۇتۇپ، بىر تەرەپتىن بېيىت ئېيتىپ، بىر تەرەپتىن ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ئەتراپتىكىلەر چاۋاك چېلىپ، ناخشىغا جور بولۇش بىلەن بىرگە، ئىسقىرتىپ، داپ چېلىپ، كەيپىياتنى تېخىمۇ ئەۋجگە كۆتۈرىدۇ. بۇ خىل ئۇسسۇل توي-تۆكۈن، ھېيت-بايراملاردىمۇ كوچىلاردا، ھويلىلاردا ئوينىلىدۇ.

مەشرەپ — ئۇسسۇل، ئەلنەغمە ۋە ئۆرپ-ئادەت بىر گەۋدىلەشكەن سەنئەت شەكلىدۇر.

ئۇ خەلقنىڭ مول ماددىي تۇرمۇشىنى نامايان قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە سەنئەت ۋە ئېسىل ئۆرپ-ئادەتلەرنى خەلق ئىچىگە تارقىتىشتەك ئىجتىمائىي رولغا ئىگە.

مەشرەپ ھېيت-بايرام، سەيلە-ساياھەت، توي-تۆكۈنلەردە ئوخشىمىغان شەكىللەردە ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇ مەزمۇن جەھەتتىن ئۇسسۇل-مۇزىكا، ئويۇن ئويناش ۋە جازا بېرىش باسقۇچلىرىغا بۆلۈنىدۇ.

ئۇسسۇل-مۇزىكىدا ئۇن ئىككى مۇقام ئاساس قىلىنىدۇ.

ئەڭ دەسلەپتە بىر ئادەم يالغۇز ناخشا باشلايدۇ. ئارقىدىن بىر قانچە كىشى داپ چالىدۇ. قىز-ئوغۇل ئۆز-ئارا بېقىشىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ئۇسسۇل ھەرىكىتى توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مۇزىكا رىتىمى بارغانسېرى تېزلىشىدۇ. بىر مۇزىكا ئاخىرلاشقاندا يەنە بىر مۇزىكا ئۇلىنىپ تۇرىدۇ.

ئارقىدىن قىزىقارلىق ئويۇن كۆرسىتىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە كۆپرەك ئوينىلىدىغىنى «يەردىن گۈل ئېلىش» (بەل ئېگىپ)، چاي تۇتۇش ۋە بېيىت ئېيتىشتۇر. «چاي تۇتۇش» ۋە «بېيىت ئېيتىش» ناھايىتى قىزىقارلىق بولۇپ، بىر پىيالە چاي مەشرەپ سورۇنىدا قولدىن-قولغا ئۆتۈش جەريانىدا چاي تۇتقۇچى ئۆزى خالىغان بىرىگە چاي تۇتقاندا بېيىت ئېيتىدۇ. چاي ئالغۇچىمۇ بېيىت ئېيتىپ چاينى ئالىدۇ. ئەگەر چاي تۇتقۇچىنىڭ ھەرىكىتىدە خاتالىق كۆرۈلسە ياكى چاينى تۆكۈۋەتسە ئۇ جازا ئورنىدا ناخشا ياكى لەتىپە ئېيتىدۇ. بۇ ئويۇن كىشىلەرنىڭ ماھارەتتە ۋە گەپ-سۆزدە پىششىق بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

مەشرەپنىڭ 3-باسقۇچى «جازا بېرىش» باسقۇچى بولۇپ، بۇ خىزمەتنى مەشرەپكە قاتناشقۇچىلار ئۆزلىرى تاللىغان، ھەق-ناھەقتە ئادىل، ئابرۇيلۇق بىر كىشى ئۆتەيدۇ.

ئۇ ئىجازەتسىز مەشرەپ سورۇنىدىن ئايرىلغان، سەۋەبسىز مەشرەپكە كېچىكىپ كەلگەن، مەشرەپ ئۇسسۇلىدا تەرتىپكە خىلاپلىق قىلغانلارغا جازا بېرىشكە ھوقۇقلۇق.

جازالىغۇچى بەزىدە يېمەكلىك، مېۋە-چېۋە بىلەن كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلىنى ئالىدۇ. بەزىدە ناھايىتى قىزىقارلىق بولغان «ساماسا يېقىش»، «رەسىمگە تارتىش»، «ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش»، «بۇركۈتنىڭ توشقان ئۇۋلىشى»، «ياغ تارتىش» قاتارلىق جازالارغا تارتىلىدۇ.

بۇ جازالارنى بېرىش ئارقىلىق جامائەت ئەخلاقىغا ۋە مەشرەپ ئىنتىزامىغا بويسۇنۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

2010-يىلى 11-ئاينىڭ 15-كۈنى «مەشرەپ» بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن «جىددىي قوغدىلىدىغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى تىزىملىكى»گە كىرگۈزۈلدى.

مەشرەپ — شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا تارقالغان بولۇپ، ھەرقايسى يۇرتلاردا ئوخشىمىغان مەزمۇن ۋە شەكىلگە ئىگە. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى، ئۇيغۇر ئۇن ئىككى مۇقامى، بېيىتلىرى، ئەلنەغمىلىرى، سېرك ۋە ئېغىز ئەدەبىياتىنى نامايان قىلىدىغان مۇھىم سورۇندۇر.

مەشرەپنى دۇنيا مىراسى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈشتە دۆلەت رەھبەرلىرىمىزدىن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن ۋېييۈەنجاڭى تۆمۈر داۋامەت مەشرەپنى ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىگە بىۋاستە يوليورۇق بەردى ھەمدە ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنى ئۇيۇشتۇردى. مەشرەپنى فىلىمگە ئېلىش قاتارلىق بىر يۈرۈش خىزمەتلەرنىڭ ئىقتىسادىنى شەخسەن ئۆزى ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىپ بەردى. مەشرەپنى ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىنى تەپسىلىي بىلىپ يوليورۇق بېرىپ تۇردى. ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلارنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ بەردى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر ساھە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تىرىشچانلىقى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ سابىق مۇئاۋىن ۋېييۈەنجاڭى تۆمۈر داۋامەت ئاكىنىڭ ئىزچىل قوللاپ بېرىشى بىلەن «مەشرەپ» دۇنيا مىراسى بولدى.

# «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتىنىڭ 2010 - يىللىق سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

ۋاھىتجان غوپۇر

ھۆرمەتلىك مۇتەخەسسىسلەر، ئۇستازلار، دوستلار، ئەتىگەنلىكىڭىزلار خەيرلىك بولسۇن! ھەممىڭىزلەرگە چىن قەلبىمدىن ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن!

بۈگۈن بىز بۇ يەرگە جەم بولۇپ، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ بىر يىلدىن بۇيانقى ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ھەققىدە ئۆز ئارا مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىش، كېلەر يىللىق نەشرى توغرۇلۇق قىممەتلىك تەكلىپ- پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش مەقسىتىدە يىغىن ئېچىپ ئولتۇرۇپتىمىز. مەن ئالدى بىلەن «مىراس» ژۇرنىلىدىكى مۇھەررىرلەرگە ۋاكالىتەن، ژۇرنىلىمىز ھەققىدە ھەرقايسىڭىزلارغا قىسقىچە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتەي.

«مىراس» ژۇرنىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ فولكلور مەدەنىيىتى ئېتنولوگىيەسى خەلق ئېغىز ئەدەبىيات- سەنئىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىردىنبىر ئۇنىۋېرسال ژۇرنال. ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى مەسئۇل بولۇپ باشقۇرىدۇ. «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى ۋە تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلىدۇ. ژۇرنىلىمىز 1983 - يىلى نەشر قىلىنغان. 1986 - يىلدىن باشلاپ ئاشكارا تارقىتىلغان. 1999 - يىلى ئەسلىدىكى پەسىللىك ژۇرنالدىن، قوش ئايلىق ژۇرنالغا ئۆزگەرتىلگەن. ئۇ بۈگۈنگە قەدەر شەرەپلىك 27 يىللىق تەرەققىيات تارىخىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزدى.

«مىراس» ژۇرنىلى مەزمۇن جەھەتتىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان بارلىققا كەلتۈرگەن، ئىجاد قىلغان ئەل ئىچى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئېلان قىلىدىغان، تونۇشتۇرىدىغان ژۇرنال بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىقنى تۇتاشتۇرغۇچى سەھنە بولۇش سۈپىتى بىلەن تېخى قېزىلمىغان مەدەنىي مىراسلىرىمىزغا يېڭى ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىپ، مىسلىسىز سەنئەت گۈزەللىكىنى ئۇرغۇتتى. «مىراس» ژۇرنىلى ئۆز تەرەققىياتى داۋامىدا ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ، گۈللەندۈرۈپ، باشتىن- ئاياغ پارتىيىمىزنىڭ نەشرىيات يۆنىلىشىدە چىڭ تۇردى. ئىجتىمائىي ئۈنۈم ئىقتىسادىي ئۈنۈمدىن يۇقىرى تۇرىدۇ، دېگەن ئالدىنقى شەرت ئاستىدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى مېخانىزمى پرىنسىپلىرىغا قەتئىي ئەمەل قىلىپ، 27 يىللىق تەرەققىيات مۇساپىسىدە شىنجاڭدىكى مىللىي تىل- يېزىقتا نەشر قىلىنىدىغان ژۇرناللار ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. 2000 - يىلدىن باشلاپ، ئادەتتىكى 16 فورماتتىن چوڭ 16 فورماتقا ئۆزگەرتىلىپ نەشر قىلىندى. سەھىپىلىرىمۇ رەڭدارلىشىپ، ئەسلىدىكى 20 سەھىپىدىن 50 نەچچە سەھىپىگە كۆپەيتىلىپ، بەت ياساش، تىزىش تېخنىكىسى، سۈپىتى يەنىمۇ ياخشىلاندى ۋە ئاساسلىق سۈرەتلىرى رەڭلىك بېسىپ چىقىرىلىدىغان بولدى.

مەزمۇن جەھەتتىن پارتىيەنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، مىللىي مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۇنى شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە خىزمەت قىلدۇرۇش جەھەتتە بەلگىلىك ئۈنۈم ياراتتى. 1999 - يىلدىن ھازىرغا قەدەر «مىراس» ژۇرنىلى شىنجاڭ بويىچە كەينى- كەيىندىن ئىجتىمائىي پەنلەر تۈرى بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك ژۇرنال مۇكاپاتىغا، مۇنەۋۋەر ژۇرنال مۇكاپاتىغا، ئېلىمىز بويىچە ھازىر بار بولغان 9800 ژۇرنال ئارىسىدىن تاللانغان «مەملىكەت بويىچە سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال» سالاھىيىتىگە ئېرىشتى. «مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال» سېپىگە كىرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 208 ژۇرنال ئىچىدىن بۇ شەرەپكە نائىل بولغان بىردىنبىر ژۇرنال بولۇپ قالدى.

«مىراس ژۇرنىلى»نىڭ يۇقىرىقى نەتىجىلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ، ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدىن، مۇشۇ سورۇنغا جەم بولغان ئالىم، مۇتەخەسسىس، ئۇستاز دوستلارنىڭ قوللاپ- قۇۋۋەتلىشىدىن بارلىققا كەلگەن.

مەن يەنە بىر قېتىم سۆھبەت يىغىنىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغان ئەزىز مېھمانلىرىمىزنىڭ «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ بۈگۈنى، ئەتىسى ھەققىدە قىممەتلىك پىكىرلەرنى بېرىشىنى، يول كۆرسىتىشىنى، تەكلىپ- تەنقىدلىرىنى كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمەن.

ھەممىڭىزلارغا رەھمەت!

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)



# ئۇيغۇرلارنىڭ دورىلىق چاي مەدەنىيىتى

مەنسۇرجان تۇرسۇن

ئۇيغۇرلارنىڭ دورىلىق چاي مەدەنىيىتى ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلى. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ھۆللۈكنى ئازايتىش ئۈچۈن كۈچلۈك، ئىسسىق تەبىئەتلىك تاماقلارنى يەپ، دورىلىق چايلارنى ئىچىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان ھەم بۇ خىل تاماق ۋە دورىلارنى ئىستېمال قىلغاندا بەدەننىڭ ئىسسىق - سوغۇق، ھۆل - قۇرۇقنى تەڭشەپ، نىسبەتەن ساغلام تۇرالايدىغانلىقنى يەكۈنلىگەن، ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ يېتۈك ئەقىل - پاراستى ۋە ئىجادچانلىق روھىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مۇشۇ ئەلۋەك زېمىندىن چىقىدىغان قار لەيلەسى، زەپە، قىزىل كۆكمارال، ئالقات، سۇمبۇل، قىزىلگۈل، بادرەنجبۇيا قاتارلىق خۇش پۇراق دورا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ دورىلىق قىممىتىنى تولۇق تونۇپ يېتىپ، ئۇنى ئۆز مىللىي تېبابىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، جۇغراپىيەلىك مۇھىت، تەبىئىي شارائىت ۋە كىشىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان مىزاجىغا ماس كېلىدىغان، جانغا راھەت دورىلىق چايلارنى تەييارلاپ، پەسىل ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىپ، مىزاج تەڭشەپ كەلگەن. مۇشۇ يارقىن ئىزلارنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا ئەنئەنىۋىلىككە ئىگە بولغان ئۆزگىچە بىر خىل مەدەنىيەت ــ دورىلىق چاي (ئىچىش) مەدەنىيىتى شەكىللەنگەن ۋە ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ كەلگەن.

### دورىلىق چايلارنىڭ تۈرى

ئۇيغۇر خەلقى ئۆزلىرىنىڭ دورىلىق چاي مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا ئۇيغۇر تېبابەت نەزەرىيەسىنىڭ ئەركان، مىزاج، خىلت، تەبىئەت، قۇۋۋەت، روھ تەلىماتلىرىنى ئاساس قىلىپ نۇرغۇن شىپالىق دورا چاي رېتسېپلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقارغان.

قەدىمدىن تاكى ھازىرغىچە ئىستېمال قىلىنىپ كېلىۋاتقان دورىلىق چاي ماتېرىياللىرى ئاساسەن رايونىمىزدىن چىقىدىغان بولۇپ، ھازىر ئۇيغۇر چاي دورىلىرىنىڭ تۈرلىرى 400 خىلدىن ئاشىدۇ. بۇ خىل چاي دورىلىرىنىڭ خاراكتېرى مۆتىدىل، تەبىئىي قۇرۇق ئىسسىققا مايىل، تېبابەتچىلىك نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، چاي دورىلىرى مىزاج تەڭشەش، بوغۇملاردىكى سوغۇقتىن بولغان يەللەرنى ھەيدەش، يۈرەك، مېڭە، جىگەر، تال، ئاشقازان خىز-

مىتنى ياخشىلاش، بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزۈپ، يۆتەلنى
توختىتىش، ئىچكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلەپ، بەدەننى كۈچەي-
تىش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. خەلقىمىز ئارىسىدا
بىر قەدەر كەڭ تارقالغان، تىبابەتچىلىكتە كەڭ ئىشلىتىلىپ
كېلىۋاتقان دورىلىق چاي رېتسىپلىرى تەييارلىنىش ئالاھىدى-
لىكىگە ئاساسەن يەككە رېتسىپلىق دورىلىق چاي ۋە كۆپ
رېتسىپلىق دورىلىق چاي دەپ ئىككى تۈرگە، شىپالىق رو-
لىغا قاراپ، مېغە، يۈرەك ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدىغان
دورىلىق چايلار، ئورۇقلاشقا، تاماكا تاشلاشقا ياردەم بې-
رىدىغان دورىلىق چايلار، باش ئاغرىقى، نېرۋا كېسەللىكلە-
رى، نەپەس يولى كېسەللىكلىرى، يۈرەك، مېڭە قان -
تومۇر توسۇلۇش كېسەللىكلىرى، ئۈچەي كېسەللىكلىرىگە
شىپا بولىدىغان دورىلىق چايلار، جىگەر، مېڭە، ئۆت كې-
سەللىكلىرى، بۆرەك، سۈيدۈك يولى كېسەللىكلىرى، تېرە
ۋە ئاياللار كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدىغان دورىلىق
چايلار، ئۇنىڭدىن باشقا بىر قىسىم مېۋە قېقى دەملەنمىسى
قاتارلىق دورىلىق چايلار تۈرلىرىمۇ بار.

## چاي دورىلىرىنىڭ پەسىلگە ئاساسەن تەييارلىنىشى

ئۇيغۇر تىبابەت نەزەرىيەسى بويىچە ھەر پەسىلنىڭ
ئۆزىگە خاس مىزاج ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. قەدىمكى تې-
ۋىپلىرىمىز ئۆزلىرى ياشاپ كەلگەن رايونلارنىڭ ھاۋا كە-
لىماتىنى ئۇزاق مۇددەت كۆزىتىش ئارقىلىق ھەرقايسى پە-
سىللەرنىڭ جانلىقلارغا، جۈملىدىن ئىنسانلارنىڭ بەدىنىگە
كۆرسىتىدىغان تەسىرلىرىنى، پەسىللەرنىڭ مىزاجىنى بەلگە-
لەپ چىققان. شۇڭا چاي دورىلىرىنى ئىستېمال قىلىشتا
ئالدى بىلەن پەسىللەرنىڭ مىزاجى ۋە ئالاھىدىلىكىنى ئويې-
لىشىش لازىم. مەسىلەن:

ئەتىياز پەسلىنىڭ تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق بولۇپ، بۇ
پەسىلدە بەدەننى كۈچەيتىدىغان، تەبىئىتى قۇرۇق سوغۇققا
مايىل بولغان دورىلىق چايلارنى (گاۋزىبان، بادرەنجبۇ-
يا، ئارپىبەدىيان، سۇمبۇل، پىلپىل، دارچىن، لاچىندانە،
ئالما قېقى قاتارلىقلارنى) مۇۋاپىق مىقداردا دەملەپ ئىستې-
مال قىلىش كېرەك. ياز پەسلىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق
ئىسسىق بولۇپ بۇ پەسىلدە ھەزىم ئەزالىرىنىڭ خىزمىتىنى
ياخشىلىغۇچى، بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزۈپ قانىنى سوۋۇت-
قۇچى، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتكۈچى تەبىئىتى ھۆل سوغۇق
بولغان دورىلىق چايلارنى (زەنجىۋىل، قەلەمپۇر، قىزىل-
گۈل، ئەنجۈر قېقى، زىرە، پىننە، قارىمۇچ، چۈچۈكبۇيا
يىلتىزى قاتارلىقلارنى ئايرىم) دەملەپ ئىچىش كېرەك.
كۈز پەسلىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق سوغۇق بولۇپ بۇ پەسىل-
دە، نېرۋىنى تىنچلاندۇرغۇچى دورىلار قوشۇلغان تەبىئىتى
ھۆل ئىسسىق بولغان چاي دورىلىرىنى (ئالقات، گىلاس
قېقى، شاپتۇل قېقى، كاسنە، تەمرى ھىندى ياكى قارا
ئۆرۈك، چىلان، ئەينۇلا قېقى قاتارلىقلار)نى دەملەپ
ئىچىسە بولىدۇ. قىش پەسلىنىڭ تەبىئىتى ھۆل سوغۇق
بولۇپ، بۇ پەسىلدە بەدەننى قىزىتىپ قاننىڭ ئايلىنىش
سۈرئىتىنى تېزلىتىدىغان ۋە سۈيدۈك ھەيدەيدىغان تەبىئ-
تى قۇرۇق ئىسسىق بولغان دورىلىق چايلارنى (نىلۇفەر،
گۈلبىنەپشە، سېرىقئوت، ئاق سەندەل، پالەك ئۇرۇقى،
سوقا چىلان قاتارلىقلار)نى چاي بىلەن ياكى ئايرىم
دەملەپ ئىچىسە بولىدۇ①.

دېمەك، دورىلىق چايلارنى ئىستېمال قىلىشتا ئالدى
بىلەن ئۆزىنىڭ مىزاجىنى تەكشۈرۈتۈپ، بەدەنىنىڭ مىزاجى-
غا، ياشاۋاتقان مۇھىتىغا، ھەر پەسىلگە قاراپ تەڭشەپ مۇ-
ۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىش، بەك قېنىق دەملەپ ئى-
چىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

## دورىلىق چايلارنى كۆپ ئىستېمال قىلىدىغان رايونلار

ئاپتونوم رايونىمىزدا، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى
خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق تەرەپلەردىكى ئۇيغۇرلار
توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا دورىلىق چاي ئالا-
ھىدە ئىچىملىك بولۇپ، ئۇلار كۈندىلىك تۇرمۇشىدا دو-
رىلىق چايلاردىن ئايرىلالمايدۇ. تاماقنىڭ ئالدى ۋە كەي-
نىدە قىزىق دەملەنگەن بىرەر پىيالە دورىلىق چاي ئىچىش-
كە ئادەتلەنگەن. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب: بۇ رايون-
لارنىڭ ھاۋا كىلىماتى قۇرغاق، ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاز،
كىشىلەر ئۆزلىرى ياشىغان جايلارنىڭ ئۆزگىچە ھاۋا كىلىما-





تى، ئوزۇقلىنىش ئادىتى، ئەمگەك مەشغۇلاتى ۋە جۇغراپى-
يەلىك شارائىتىغا ماس كېلىدىغان دورىلىق چايلارنى ئىجاد
قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مىزاجىنى تەڭشەپ، ساقلىقىنى ساقلاپ
كەلگەن. مەسىلەن، كىشىلەر سوغۇقى ئېشىپ كەتكەندە يۇ-
قىرى ھارارەتلىك، ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلىق چايلارنى
(قارىمۇچ، زەفران، دارچىن، قەلەمپۇر، چىگىسەي ئۇرۇ-
قى، بەدىيان، ئوغرى تىكەن قاتارلىقلارنى)، ئىسسىقى
ئېشىپ كەتكەندە سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلىق چايلارنى
(نىلۇفەر، قىزىلگۈل، كاسنى ئۇرۇقى، گاۋزىبان، چىلان قا-
تارلىقلارنى) تاللاپ مۇۋاپىق ئىچىش ئارقىلىق بەدەندىكى
مىزاج ۋە خىلتلارنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى تەڭشەپ، كېسەل دا-
ۋالايدۇ ياكى كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

## دورىلىق چاي بىلەن كېسەل داۋالاش ئەنئەنىسى

دورىلىق چاي ئىچىش ئارقىلىق كېسەل داۋالاش
ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۈيۈك ئىجادىيىتى شۇنداقلا ئۇ ئەج-
دادتىن ئەۋلادقا، ئەۋلادتىن بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ،
تەكرار سىناقلاردىن ئۆتۈپ ئومۇملاشقان تەۋەررۈك مىرا-
سى. رايونىمىزدا ياشاپ ئۆتكەن ئۇزۇن ئۆمۈر چولپانلى-
رىنىڭ كۈندىلىك يېمەك-ئىچمەك ئادىتىدە دورىلىق چاي-
لارنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلغانلىقى مەلۇم. ئۇيغۇرلار ئىستې-
خىيەلىك ھالدا شەكىللەندۈرگەن بۇ خىل قىممەتلىك مەدە-
نىيەت ئەنئەنىسى كۆپ قىرلىق، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ
مەنبەلىك بولۇپ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە ناھايىتى ئۇزاق
تارىخقا ۋە مۇكەممەل مەدەنىيەت تۇسىگە ئىگە، ھازىرغى-
چە مەلۇم بولغان تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە،
سۈي-تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ،
كۇچا، تۇرپان، قومۇل قاتارلىق جايلاردا دورىگەرلىك،
تېبابەتچىلىك، جۈملىدىن ئۇيغۇر دورا چايچىلىق ئىشلىرى
خېلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. نۇرغۇن شىپاخانىلار
بارلىققا كېلىپ، ھەر خىل دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر بىلەن
خېلى مۇرەككەپ كېسەللەرنى شىپا تاپقۇزالايدىغان بولغان
ھەمدە ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەردىن دورا چاي ياساپ ئىس-
تېمال قىلىدىغان ئادەت ھەممە ئائىلىلەر تۇرمۇشىدا
ئومۇملاشقان②.

تارىختا ئۆتكەن داڭلىق دورىگەرلەر ۋە تېۋىپلارمۇ
ئەجدادلىرىمىز ياراتقان بۇ قىممەتلىك مەدەنىيەت ئەنئەنى-
سىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ،
دورىلىق چايلارنىڭ مۇكەممەل رېتسېپلىرىنى ئىلمىي ئۇ-
سۇلدا تەپسىلىي خاتىرىلەشكە ئەھمىيەت بەرگەن.

مەسىلەن، يەكەن خاندانلىقى دەۋرىدە ياشىغان
مەشھۇر ئۇيغۇر ھەكىمى سۇلتان ئەلى تەرىپىدىن (1520-
1533) يىللار ئارىلىقىدا يېزىلغان «دەستۇرۇل ئىلاج»
(داۋالاش دەستۇرى) ناملىق ئەسىرىدە: «قىش كۈنى
ئىسسىق ئىچىش، ياز كۈنى سوغۇق ئىچىش كېرەك، بەدى-
يان ئۇرۇقى سۈيىنى ۋە بەدىيان كۆكىنىڭ سۈيىنى ئىچسە
تەشنالىقنى پەسەيتىدۇ» دەپ يېزىلغان③.

بىز بۇنىڭدىن خەلقىمىزنىڭ دورىلىق چايلارنى ناھا-
يىتى بۇرۇنلا پەسىل ۋە ھاۋا كىلىماتىغا قاراپ ئىلمىي ئۇ-
سۇلدا ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلەنگەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

ئەجدادلىرىمىز دورىلىق چايلارغا تايىنىپ ساقلىقنى
ساقلاش، كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كېسەللەرنى
داۋالاش جەھەتتە ناھايىتى مول ۋە قىممەتلىك تەجرىبىلەر-
نى توپلىغان. دورىلىق چايلارنى ئۆزىنىڭ مىزاجىغا، تەبى-
ئىتىگە قاراپ ئىستېمال قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تولۇق
تونۇپ يېتىپ، يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان.





قەدىمكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك كىتابلىرىدا دورىلىق چايلارنىڭ دورىلىق خۇسۇسىيىتىنى ئالاھىدە تەكىتلەش بىلەن بىرگە ھەركىم ئۆزىنىڭ مىزاج ئايرىمىسىغا، يەسلىگە، فىزىئولوگىيەلىك ئېھتىياجىغا قاراپ تەڭشەپ ئىستېمال قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ شاھانە ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا:

«يېشىڭ ياش بولۇپ، ئۆمرۈڭ بولسا باھار،
سوغۇقنى كۆپ ئىشلەت، تېنىڭ سوۋۇتار.
يېشىڭ قىرىقتىن ئېشىپ كۈن ئاي بولسا كۈز،
ئىسسىق نەرسە بىرلە مىزاجىڭنى تۈز.
مىزاجىڭ ئەگەر بولۇر مۆتىدىل،
ئىسسىقلىق - سوغۇقلۇق ئارا چارە قىل.
مىزاجىڭنى شۇ ياڭلىغ دۇرۇس تەڭشەسەڭ،
ھاياتىڭ ئۆتەر، تىنچ ياشارسەن ئېسەن.
قىرىققا كىرىپمۇ مىزاج بىلمىسە،
تولۇق ھايۋان ئىرۇر، گەرچە سۆزلىسە» ④.

دەپ يازىدۇ. دېمەك، خەلقىمىز قەدىمدىن تارتىپلا بەدەندىكى مىزاج خىلتلارنى تەڭشەپ، كېسەللەرنى داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش مەقسىتىگە يەتكەن. بىراق دورىلىق چايلارنى ئۇزاق مۇددەت ئىچسە ياكى بەك قېنىق دەملەپ ئىچسە، بەدەننىڭ قۇرۇق ئىسسىقى كۆچىيىپ، ئېغىزنى قۇرۇتۇپ ئۇيقۇنى قاچۇرىدۇ، ئاشقازان يارىسى، بۇۋاسىر، كۆز ۋە بەدەن قىچىشىش، ئوۋۇقلاش قاتارلىق كېسەللەرنى پەيدا قىلىپ سالامەتلىككە زىيان يەتكۈزىدۇ.

## چاي دورىلىرىنى پەرقلەندۈرۈش ۋە ساقلاش ئۇسۇللىرى

چاي دورىلىرىنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى پەرقلەندۈرۈش ۋە ئۇنى ساقلاشمۇ ناھايىتى مۇھىم. چاي دورىلىرىنىڭ يېڭى بولغانلىرى خۇش پۇراق، تەملىك بولىدۇ، كونىراپ قالغانلىرى كۆيۈك ۋە قاڭسىق پۇرايدۇ. شۇڭا چاي دورىلىرىنى سېتىۋالغاندا ئۇنىڭ سىرتىغا، پۇرىقىغا قاراپ پەرقلەندۈرۈش كېرەك. چاي دورىلىرىنى ئەڭ ياخشىسى ئاغزى ھىم ئېتىلىدىغان قۇتا ياكى شىشە قاچىدا ساقلاش لازىم. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا دورىلىق چاي تەركىبىدىكى ئۇچۇچان ماددا ھاۋاغا سۈمۈرۈلۈپ، پۇرىقى ۋە تەمى يوقىلىپ كېتىش بىلەن بىرگە دورىلىق قىممىتىمۇ تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، دورىلىق چايلار ئەنئەنىۋى قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ نەمۇنىسى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ھايات مۇساپىسى جەريانىدىكى جاپالىق كۈرىشى ۋە ئىزدىنىشىنىڭ مەھسۇلى، بۈگۈنكى كۈندە بازار ئىگىلىكىنىڭ يۈكسەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، رايونىمىز تەۋەسىدىكى بىر قىسىم يېمەك - ئىچمەك كارخانىلىرى يۇقىرى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق ئەلا سۈپەتلىك، مۇرەككەپ تەركىبلىك، تەبىئىيلىكى يۇقىرى بولغان دورىلىق چايلارنى ئىشلەپچىقىرىپ بازارغا سېلىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە چايچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تىرىشماقتا. شۇڭا ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ ئېسىل مەدەنىيىتىگە (دورىلىق چاي ئىچىش مەدەنىيىتىگە) يەنىمۇ ۋارىسلىق قىلىپ ئۇنى قوغداپ، تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ دۇنياغا تونۇتۇشىمىز لازىم.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**


① مۇھەممەدئىمىن ئابلىمىت: «ئۇيغۇر چاي دورىلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2000 - يىل نەشرى.

② ئابلىز مۇھەممەد سايرامى: «ئۇيغۇرلارنىڭ چاي مەدەنىيىتى»، «مىراس» ژۇرنىلى 2006 - يىل 4 - سان، 51 - بەت.

③ ھەكىم سۇلتان ئەلى تۇزگەن (ھاجى مۇھەممەد باقى ئالىم نەشرگە تەييارلىغان): «دەستۇرۇل ئىلاج» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 1999 - يىل 7 - نەشرى.

④ يۈسۈپ خاس ھاجىب: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى.



(ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات 2009 - يىللىق 3 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى).

# قاسىم ئاخۇننىڭ كامىل ئەپەندىگە يازغان ئالتە پارچە خېتى






گۇستاف. راكويېت (شۋېتسىيە)

(قاسىم ئاخۇننىڭ كونستانتىنوپىلدىكى (ئىستانبولدىكى) دوستى كامىل ئەپەندىگە ئۇيغۇرلارنىڭ ياشاش ئۇسۇلى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرى توغرىسىدا يازغان خېتى)

بىر قانچە يىللار بۇرۇن، بىر ياش شىنجاڭنىڭ قەشقەر شەھىرىدىن كونستانتىنوپىلغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلدۇ: بۇ بالا ئۆز تەۋەلىكى بويىچە ئەڭ چوڭ ئۆلكىدە بار باي ئائىلىنىڭ پەرزەنتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى تاغىسىنىڭ سودىسى تاكى ياۋروپاغىچە كېڭىيىپ، موسكۋا، كونستانتىنوپىل، ھەتتا بېرلىن، پارىسلارغىمۇ بارغانىدى. شۇڭا ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇ دۆلەتلەردىن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نەرسىلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى ئاللىبۇرۇن ھېس قىلغانىدى. بۇ قەشقەرلىك يىگىت ئامېرىكىلىقلارنىڭ مىسسىيونېرلار مەكتېپىدە ئوقۇيدۇ. ئاندىن بېيرۇتقا بېرىپ خىرىستىيان ئالىي بىلىم يۇرتىدا داۋاملىق ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭ قەشقەردىكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمۇ قاسىمنىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەر تاپىدۇ. ئائىلىسىدىكىلەر خەتلىرىدە ئۇنىڭ دەرھال قەشقەرگە قايتىپ كېلىشىگە بۇيرۇق چۈشۈرگەن، لېكىن ئۇ خىل تەھدىت، بۇيرۇقلار قاسىم ئاخۇننى قايىل قىلالمىغان. كېيىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ يۇرتىغا قايتىپ كەتكەن ھەمدە دوستى كامىل ئەپەندى بىلەن ئىزچىل خەت ئالاقىدا بولۇپ كەلگەن. كامىل ئەپەندىنىڭمۇ ئېتنوگرافىك قىزىقىشى كۈچلۈك بولۇپ، بۇ خەتلەر ھەرقايسى ئەل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتىغا بولغان چۈشەنچىسىنى ئاشۇرۇشتا بەلگىلىك رول ئويناپ كەلگەن.

## بىرىنچى خەت

ئەڭ ھۆرمەتلىك دوستۇم ۋە بۇرادىرىم كامىل ئەپەندىگە، سىزنى ئويلاپ تۇرغۇچى قاسىم ئاخۇندىن سالام.

مەنمۇ ئاللانىڭ شاپائىتى ۋە سىزنىڭ دۇئايىڭىزنىڭ كۈچى، شۇنداقلا سىز بىلەن يەنە بىر دىدارلىشىش ئارزۇسىدا ئوبدان كېتىۋاتىمەن. سىزگە ئىستانبولدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى سەپىرىم توغرىسىدا بايان قىلىپ بېرەي:

خۇددى سىز بىلگەندەك، مەن بېيرۇتتىن ئېغىر قەدەملەر بىلەن ئايرىلىپ، ئاندىن ئىستانبولدا سىزدىن ئايرىلىشتەك مەن ئۈچۈن ئەڭ تەس كەلگەن كۈننىمۇ كۆردۇم. يۇرتنى سېغىنىش ۋە يۇرتىغا تەلپۈنۈش تۇغما

بولدۇ، جۈملىدىن بۇ خىل ھېسسىيات مېنىڭ يۈرىكىمدىنمۇ ئورۇن ئالغان، لېكىن ئۆزۈمنىڭ روھىي دۇنياسىدا بىر مەيدان مۇستەبىتلىككە قارشى قاراڭغۇلۇق، نادانلىق بىلەن كۈرەش قىلىدىغىنىمغا تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدىم.

قارا دېڭىزدىن باتۇمغا بولغان سەپەر بولدى دېيەلەيمەن. باتۇمدىن باكۇغىچە بولغان تۆمۈريول سەپىرىنى سۆزلىمىسەممۇ بولىدۇ، چۈنكى سىزمۇ بۇ يولدىن مېڭىپ باققان. ئاخىرىدا تىلغا ئالغان جايدىن مەن ھور پاراخوتى بىلەن كاسپىي دېڭىزىنى كېسىپ ئۆتۈپ كراسناۋودسكقا قاراپ يول ئالدۇق. بىز شۇ يەردىن ئاندىن تۆمۈر يول ئارقىلىق سەمەرقەنت ۋە ئەندىجانغا بارالايتتۇق. سىز كاسپىي دېڭىزىنىڭ نەقەدەر زۇلمەتلىكلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز. دېڭىزدىكى كۆڭلۈم ئاينىشنى ئويلىسام ئۇنىڭغا ھېچنېمە توغرا كەلمەيدۇ. 12 سائەتلىك ئازابتىن كېيىن بىز كراسنوۋودسقا يېتىپ كېلىۋالدۇق، مەنمۇ خېلى ئارام تېپىپ قالدىم، ئاندىن ئۈچ سوتكا پويىزغا ئولتۇرۇپ ئەندىجانغا يېتىپ كەلدۇق. شۇنىڭدىن بۇيان مېنىڭ ياۋروپاچە راھەت-پاراغەتلىرىمگە خاتىمە بېرىلدى دېسەممۇ بولىدۇ. ئەتىسى چاي ۋاقتى بىلەن ئاتلىق يولغا چىقىپ، كۈنپېتىشقا يېقىن ئوشقا يېتىپ كەلدىم. بۇ يەردە بىر قانچە كۈن خېلى ئوبدان ھاردۇق ئېلىۋالدىم، يەنە بىر جەھەتتىن بۇ تۇغقانلىرىم بىلەن بولغان كۆرۈشۈشتىن ئۆزۈمنى ئەپ قېچىپ ۋاقىتنى ئۇزارتىش دېسەممۇ بولاتتى. مەن بىر تاغامنىڭ سودا كارۋىنىغا قوشۇلۇپ، تاغدىن بىللە ئۆتمەكچى بولۇشقا كېلىشكەندۇق. تەييارلىق پۈتكەندە بىز 87 دانە ئات، تۆت خېچىر ۋە ئالتە تۇياق ئېشەككە قەغەز، شېكەر ۋە تاماكىلارنى ئارتىپ ئوشتىن ئايرىلدۇق. ئېشەكلەرگە پەقەت ئاتنىڭ يەپ-خەشەكلىرىنىلا ئارتتۇق. مەن سىزگە بۇ خىل كارۋان توغرۇلۇق بۇرۇن سۆزلەپ بەرگىنىم ياكى سۆزلىمىگىنىم تازا ئېسىمدە قالماپتۇ.

بۇ خىل سەپەردە، ئات ھەممىدىن چوڭ رول ئوينايدۇ. ئاتنىڭ پەقەت بېشىنىلا كۆرگىدەك ھالەتتە يوغان خالتىلار ئىككى ياققا ساڭگىلىتىپ ئېسىپ قويۇلىدۇ. بىچارە ئاتلار شۇ ھالىتىدە خۇددى تاشپاقىغىلا ئوخشاپ قالىدۇ. خالتىلار ئېگەرگە چىڭ باغلىنىپ بېكىتىلىپ قويۇلىدىغان بولۇپ، ھەر بىر تەرەپتىكى خالتىنىڭ ئېغىرلىقى 65 كىلوگرام ئەتراپىدا بولىدۇ. يەنە بىر خىل يېنىكرەك يۈكلەر ئارتىلىدىغان ئات كارۋانلىرى بولۇپ، ئۇ كارۋانلار تولىسى ھىندىستان، ئافغانىستانلارغا قاتنايتتى. ئاتلار ئادەتتە ياغاچتىن ياسالغان، ئۇزەڭگىسى قىسقىراق كەلگەن تۈز شەكىللىك ئېگەر بىلەن ئېگەرلىنىدىغان بولۇپ، ئۈستىدە ئولتۇرغان ئادەم ئۆزىنى خۇددى ياۋروپالىقنىڭ ئورۇندۇقىدا ئولتۇرغاندەك راھەت ھېس قىلاتتى. لېكىن بۇرۇن كۆنمىگەن ئادەمگە بولسا يەنىلا بىر ئازاب تۇيۇلاتتى. بۇ خىل كارۋاندا يەنە يېتەرلىك ئادەم سانى بولۇشى، يەنە بەش-يەتتە تۇياق ئاتقا بىر ئادەم بولۇشى كېرەك ئىدى. بىزنىڭ كارۋاندا ئون نەپەر ئەركەك بار ئىدۇق. بىزدە لىق ئىككى خالتا مۇشتۇم چوڭلۇقىدا قاتۇرۇلغان، كۆيدۈرۈلگەن قوي يېغى بار ئىدى. بۇ ياغلار ئىسسىق سۇغا ياكى ئىسسىق چايغا چىلىغاندا ئېرىيدۇ. بىزدە يەنە قاتۇرۇلغان قارا چاي، 50 كىلودەك گۈرۈچ، بىر خالتا باش پىياز، سەۋزە، تۇز ۋە بىر قوينىڭ قۇيرۇق يېغى قاتارلىق لازىمەتلىكلەرمۇ بار ئىدى. بىز ھەر كۈنى كەچقۇرۇن ياكى كۈن ئارىلاپ، ئېلىۋالغان قازىنىمىزدا سەۋزە، قۇيرۇق يېغى بىلەن ئۇچكى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ زىياپەت ئېشى ھېسابلىنىدىغان پولۇ ئېتىپ يەيتتۇق. چارۋىچى قىرغىزلارنىڭ تۇرالغۇسىدا قونغان چاغلىرىمىزدا، گۆشكىمۇ ئىگە بولۇپ قالاتتۇق-دە، پولۇ تېخىمۇ ئوخشاپ كېتەتتى، ئۇنداق چاغلاردا ئۇلاردىن يەنە قايماقمۇ سېتىۋالغىلى بولاتتى. قىرغىزلارنىڭ سەپەرگە چىققاندا ناھايىتى ئەپلىك ئوزۇق-تۈلۈكلىرى بار ئىدى. ئۇلار ئۆچكە تېرىسىدىن قىلىنغان خالتىلارغا قىمىز قاچىلىۋېلىپ، ئۆشنىسىگە ئارتىۋالاتتى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە خالتىدىكى قىمىز يول ماڭغاندا چايقىلىپ تەمى تېخىمۇ ياخشى بولۇپ قالىدىكەن. ئۇلار ئۈچ ۋاق تامىقىدا قىمىزدىن ئايرىلالمايدىغان بولۇپ، ئادەتتە ناننى ئاساسەن كۆپ ئىستېمال قىلمايدۇ. قىمىزنىڭ چوقۇم بىر خىل قۇۋۋەتلىك، ساغلاملىق ئىچىملىكى بولۇشى مۇقەررەر ئىدى. چۈنكى بىزنىڭ يېزىلىرىمىزدا بۇ تاغلىق چارۋىچىلارغا ئوخشاش كۈچلۈك كەلگەن ئەرلەر ۋە مەڭزىلىرى قىزىرىپ تۇرىدىغان ئاياللارنى كۆپ ئۇچراتقىلى بولمايتتى.

شەخسەن مەنمۇ سەپەرگە چىققان سودىگەرلەرگە لايىق قوراللانغانىدىم. تۆمۈر ئېگەرنىڭ كەينىگە قىزىل رەڭلىك بىر پارچە كىگىز تۇرۇپ قويۇلغان، بىر پاي ئوتۇكۇمنىڭ قونجىغا ئۇزۇن بىر دانە پىچاق قىستۇرۇلغان،

MIRAS

ئېگەرنىڭ بىر تەرىپىگە ئېگىز بويۇنلۇق بىر مىس چەينەك ئارتىپ قويۇلغان، يەنە بىر تەرىپىگە ئوخشاش خالتىغا سېلىنغان چاي چىنىسى ئارتىلغانىدى. تولۇق تەييارلىق ئۈچۈن يەنە بىر دانە سۇ چىلىمى ۋە تاماكا غاڭزىسىمۇ بولۇشى كېرەك ئىدى. مەن باشقا ياش سودىگەرلەرگە ئوخشاش چىلىمنىڭ ئورنىغا رۇسىيەنىڭ تاماكىسىنى چېكىدىغان بولغاچقا بۇ خىل ئارتۇقچە يۈكلەردىن خالاس بولۇپ قالدىم. يەنە بىر مۇھىم نەرسە ئېگەر خالتىسى بولۇپ، ئىچىگە خىلمۇخىل نەرسىلەرنى سېلىۋېلىشقا بولىدىغان بولۇپ، كېچە ھەم كۈندۈز سەيياھلارنىڭ خىزمىتىدە بولاتتى. مەن سىزگە بۇرۇن بۇ خىل دەريادىكى كۆۋرۈكسىز يوللار، شۋىرغانلىق قاردىكى تاغ يوللىرىنى، تار كەلگەن تاغ جىلغىلىرىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن. مەن ھەر قېتىم بۇ خىل شارائىت ئاستىدا قالغاندا ھاياتىمدىن ئەندىشە قىلىپ قالاتتىم. شۇنداق قىلىپ ئوشتىن ئايرىلىپ 15 كۈندىن كېيىن بىز قەشقەرگە يېتىپ كەلدۇق، شۇ تاپتا مەن تۇغقانلىرىم بىلەن قانداق كۆرۈشۈشنى بىلمەيۋاتاتتىم. ئۇلار مېنى قۇچاقلاپ كۆرۈشەرمۇ ياكى يات ئادەملەردەك قىلارمۇ، مېنى ئۆلۈپ كەتكەن ئانامنىڭ قالدۇرغان مىراسىنىڭ يۈزى بىلەن بولسىمۇ سودىسىغا شېرىك قىلارمۇ ياكى ئۇنداق قىلماسمۇ دېگەندەك خىياللارنى قىلىپ كېتىۋاتسام، ئىشىك ئالدىدا ئىنىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئاتتىن چۈشتۈم، ئۇمۇ كېلىپ قولۇمنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ تىنچلىق سوراشتى، ئاندىن سەپىرىمنىڭ قانداق بولغانلىقىنى سوراپ ساقاللىرىنى سىلاپ قويدى. ئۇنىڭ سالىمى دوستانە ئىدى، لېكىن قىزغىن ئەمەس ئىدى. مەن بۇنىڭدىن باشقا نەۋرە قېرىنداشلىرىمنىڭ ۋە تۇغقانلىرىمنىڭ ئىنكاسىنى ھېس قىلدىم. مەنمۇ خوشلىشىدىغان چاغدا «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئېڭىكىمنى سىلىدىم. ئىنىم بۇنىڭدىن مېنىڭ تېخى ناسارى بولۇپ كەتمىگەنلىكىمنىڭ بىر ئىسپاتىنى كۆرگەندەك بولاتتى. ھەممە تۇغقانلىرىم بىلەن شۇ تەرىقىدە كۆرۈشۈپ چىقتىم، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مېنىڭ ئوقۇشۇم توغرۇلۇق، نەگە بارغىنىم توغرۇلۇق ياكى نېمىلەرنى ئۆگىنىپ كەلگەنلىكىم توغرۇلۇق ھېچ نەرسە سورىمىدى. پەقەت ئاچاملا ھويلىدا مەن بىلەن بىللە ئۇزاق پاراڭلاشتى. ئۇ مېنىڭ بېيرۇت ۋە ئىستانبوللار توغرۇلۇق سۆزلىرىمنى ھەيرانلىق بىلەن ئاڭلىشىدى، مېنىڭ خىرىستىيانلار مەكتىپىدە ئوقۇغىنىمنى ۋە ئىنگلىزچە، فىرانسۇزچە سۆزلىيەلەيدىغىنىمنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ئەس-ھوشىنى يوقاتتى. ئاخىرىدا ئۇ مەندىن دىنىمىزدىن زادى تېنىپ كەتكەن-كەتمىگىنىمنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن سورىدى. مەن تېخى ئۆزۈمنىڭ ئۈنچىلىك بولۇپ كەتمىگىنىمنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم، ئاچام دادام ۋە ئۆگەي ئانامنىڭ بۇ يەردە ئېسىلزادە كىشىلەر ھېسابلىنىدىغانلىقىنى، تاغاملارنىڭ بولسا مەسلىھەتلىشىپ مېنى تۇغقانلار ئىچىدىن بىرسىگە ئۆيلەپ قويۇشقا كېلىشكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇلارنىڭ ئۇنداق قىلىشى مال-مۈلۈكنىڭ جەمەتنىڭ سىرتىغا ئېقىپ كەتمەسلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىدى. بۇ يەرنىڭ قائىدىسى بويىچە قىزلار ئون ياشتىن 13 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا ياتلىق قىلىناتتى. تۇغقانلارنىڭ ئىچىدە 22 ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ تېخى ياتلىق قىلىنمىغان بىر نەۋرە تۇغقىنىم بولۇپ، ئۇنىڭ ياتلىق قىلىنماسلىقىنىڭ سەۋەبى ھازىرغىچە جەمەت ئىچىدە ئۇنىڭغا توغرا كەلگۈدەك ئادەمنىڭ چىقمىغانلىقىدىن ئىدى، تاغىلىرىم ئەمدى شۇ قىز بىلەن ئىككىمىزنى چېتىپ قويماقچى بولۇشۇپتىكەن. مېنىڭ ھەرگىز بۇ نەساخان ئىسىملىك قىز بىلەن توي قىلغۇم يوق ئىدى. ئاچامنىڭمۇ ماڭا قاراپ ئىچى ئاغرىپ، جەمەت ئىچىدىن باشقا بىرسىنى تېپىشقا كاللا قاتۇردى.

مەن تاسادىپىي كەلگەن بۇ نىكاھ ئىشىدىنمۇ قۇتۇلۇپ قالغاندىم. ئىستانبولغا بېرىشتىن بۇرۇن مەن قەشقەرگە ياۋروپالىق دىن ئوغرىلىرى كەپتۇ دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىغانتىم، لېكىن ئۇلارنى كۆرۈپمۇ باقمىغان ھەم قانداق ئىنسانلار ئىكەنلىكىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغاندىم. مەن سىزگە بىر قانچە قېتىم گېپىنى قىلىپ بەرگەن كىچىك ۋاقتىمدىكى ئاغىنەم قۇربان ئاخۇن ئۇلار بىلەن بىر قانچە قېتىم كۆرۈشۈپتىكەن ھەمدە بىر قېتىم يارىسىنى داۋالىتىش ئۈچۈن ئۇلار ئاچقان دوختۇرخانىغىمۇ بېرىپتىكەن. بىر قېتىم مەن تەقدىرىمدىن زارلىنىپ ئولتۇرسام، ئۇ ماڭا مەسلىھەت بېرىپ مۇنداق دېدى: «مەن شۋېت مىسسىيونېرلىرى بىلەن كۆرۈشكەن. ئۇلارنىڭ قۇمدەرۋازىدا بىر پونكىتى بار. شۇ يەرگە بېرىپ باقمامسەن؟» دېدى. مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇ يەرگە باردىم ھەمدە تېزلا ئۇلار بىلەن چىقىشىپ كەتتىم. ئۇلارمۇ مېنىڭ ئامېرىكا مىسسىيونېر مەكتىپىدە ئوقۇغانلىقىمنى ئۇقۇپ ماڭا خۇددى كونا تونۇشلاردەكلا مۇئامىلىدە بولدى. مېنىڭ تۇغقانلىرىم

2011

ئۇلار بىلەن ئارىلىق تاشلاپ كەلگەنىدى، لېكىن بىر قېتىم تاغام بېشىغا كۈن چۈشۈپ ئېغىر كېسەل بولغاندا ئۇ دوختۇرلارغا قايىل بولدى. مەنمۇ بۇ ئادەملەرنىڭ قانداق قىلىپ مېنىڭ ئىشلىرىمنى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە بولالايدىغانلىقىغا بەك ھەيرانىدىم. ھەقىقەت ئۆلۈكنى تىرىلدۈرەر دېگەن گەپ بار. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىش بىلەن مەنمۇ تاغامنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ماڭا نىساخانىنى ئېلىپ بېرىش نىيىتىدىن ياندۇردۇم.

قەدىرلىك دوستۇم، ئاللا سىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، ئوغلىڭىزغا قامەت ئاتا قىلغاي، مال-بايلىقلىرىڭىزنىڭ سانىنى كۆپەيتكەي، دەپ تىلەك تىلەپ خېتىمنى ئاياغلاشتۇراي.

ھجرىيە 1332-يىلى، مۇھەررەمنىڭ 2-كۈنى، كاشغەر.

### ئىككىنچى خەت

قەدىرلىك دوستۇم كامىل ئەپەندىگە، سىزنى سېغىنىپ تۇرغۇچى بۇرادىرىڭىز قاسىم ئاخۇندىن سالام.

ئەڭ ئاۋۋال جاۋاب خېتىڭىزگە كۆپ تەشەككۇر ئېيتىمەن. سىزنىڭ ۋە ئائىلىڭىزنىڭ تىنچ-ئامانلىقى ماڭا زور خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى. مەنمۇ جانابىي ئاللانىڭ ۋە سىزنىڭ دۇئالىرىڭىز ئاستىدا قەدىر ئەھۋال كېتىۋاتىمەن.

خۇشال بولىدىغان ئىشىم يەنە مەكتەپكە بېرىش ۋە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇش ئىستىكىدە بولۇۋاتقانلىقىم، ئوقۇشنى توختىتىپ قويغانلىقىم ھاياتىمدىكى ئەڭ ئۆكۈنىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى.

ھايات بۇ يەردە باشقىچە بىر خىل خۇشاللىق ئىچىدە داۋام ئەتمەكتە. بۇ يەردىكى كۆڭۈل ئېچىش ئىستانبول ۋە ياۋروپادىكىگە ئوخشىمايدىغان شەكىلدە بولىدۇ، ئادەتتە مەزمۇنى ئۇنچىلىك مول بولمايدۇ.

بىزدە مۇنداق گەپمۇ بار: «ئۈيقۇڭ كەلمىسە بازارغا بار» دەپ. شەھەرگە كىرىپ ئايلىنىش ۋە بازار كۆرۈش بىزنىڭ قېنىمىزغا ئورناپ كەتكەن خۇسۇسىيەتتۇر. ئەگەر بۇنىڭغىمۇ قانمىسا، مازار-ماشايىخلارغا بارسىمۇ بولىدۇ. پەيشەنبە كۈنلۈكى چوڭ بازار كۈنى بولۇپ، بۇنداق كۈنلەردە بىرەر قول ھۈنەرۋەن ياكى باپكارنى تېپىش قىيىن ئىدى، چۈنكى ھەممىسى «تاماشا» قىلاتتى، يەنى كوچا ئايلىنىپ تونۇش-بىلىشلەر بىلەن پاراڭلىشاتتى، ئۇلارنىڭ يەنە بىر ئۇچرىشىش نۇقتىسى غىزا ۋاقتى ئىدى.

بۇ زېمىنغا تۇنجى قار ياغقاندا كىشىلەر بىر خىل ئويۇن ئوينايتتى، بۇ خىل ئەنئەنە پەقەت شىنجاڭدىلا بولسا كېرەك. بۇ ئويۇن قارلىق تاشلاش ئويۇنى بولۇپ، بىراۋ ئۆزىنىڭ دوستىنىڭ ئۆيى ئالدىغا قار سېلىنغان كىچىك خالتا بىلەن بىر پارچە قوشاق يېزىلغان خەت تاشلاپ قويىدۇ. ئۇ خىل قوشاقلارنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

«ئېلىپ كەلدىم قار توشقۇزۇپ سىزگە،
ئوينايلى دەپ خۇشال بىرگە.
تەييارلارسىز چاينى بىزگە،
تەڭشىدىم دۇتارنى ۋە تەمبۇرنى.
قار ياغقاندا چىللىمىساق دوستلارنى،
بولار قانداق كۆڭۈللەر شادى.

ئەگەر خەت تاشلىغان ئادەمنى تۇتۇۋالسىڭىز يۈزىگە ئەڭلىك سۈرتۈپ ئايالچە ياساپ قويۇلاتتى، ئەگەر ئۇ قارلىق تاشلىغۇچى تۇتۇۋېلىنسا ئايالچە كىيگۈزۈپ كوچىمۇكوچا ئايلاندۇرۇلاتتى ۋە بىر تەرەپتىن «قارلىق تاشلىغۇچىنىڭ جازاسى» دەپ توۋلىناتتى، ئاندىن ئۇ كىشى قارلىق تاشلىغان ئادەم ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنى قوشۇپ مېھمانغا چاقىراتتى. ئەگەر ئەكسىچە بولۇپ، ئۇ ئادەمنى تۇتالماي قالسا، قارلىق تاشلانغان ئادەم چوقۇم بىر ھەپتە ئىچىدە زىياپەت بېرىشى كېرەك ئىدى. ئەگەر بۇ قەرەل ئۆتۈپ كېتىلسە ئەتىسى ئەتىگەندە، ئۇ كىشىنىڭ دەرۋازىسىغا ئارغامچىلار ئېسىپ قويۇلىدۇ. ئەگەر يەنە بىر كۈن مۆھلەتكىچە يەنە تەكلىپنامە ئەۋەتمىسە، يەنە بىر خىل جازاغا ھېچكىم ئۇچراپ قېلىشنى خالىمايتتى، بۇ خىل جازادا، ئۇ كىشىنىڭ ئىشىكىگە كېچىدە بىر جىنازا قويۇپ قويۇلاتتى.

يېزىلار ئارا يەنە بىر خىل يىغىلىش بولۇپ «مەشرەپ» دەپ ئاتىلاتتى. قىش كۈنلىرى كىشىلەر مەشرەپكە كېچىدە يىغىلىپ، ئەتىسى ئەتىگەندە تارقىشاتتى. مەن بىر قېتىم يۈز بېشى (باشقۇرغۇچى دېگەندەك مەنىدە) چاقىرغان بىر مەشرەپكە قاتناشتىم. بىز ئىشىك تۆۋىدە ساھىبخانا تەرىپىدىن قارشى ئېلىنىپ مېھمانلار بار خانىغا باشلاپ كىرىلدۇق. يەرگە گىلەملەر سېلىنغان بولۇپ تامغا زەدىۋال تارتىلغانىدى. مەشكە ئوت يېقىلغانىدى، ئۇنىڭ يېنىدىكى تۆردىن شەھەرنىڭ قازىسى ئورۇن ئالغانىدى، داستىخانغا بىر قانچە يەرگە نانلار تىزىلغان بولۇپ، تۆپىسىگە پىشۇرۇقلار قويۇلغانىدى. ئەگەر بۇ نانلار ئېشىپ

MIRAS

قالسا كېيىن كەمبەغەللەرگە بۆلۈپ بېرىلەتتى. تىزىلغان نانلارنىڭ ئارىسىغا يەنە مېغىز ۋە تاتلىقلار كەلتۈرۈلگەندى. مەن كىرگەندىن كېيىن ئىشىككە يېقىن يەردىن ئورۇن ئىزدىدىم، لېكىن جامائەت مېنى تۆرگە ئۆتكۈزۈپ قويدى. بۇ يەردە ئولتۇرغان ئادەم قائىدىمىز بويىچە دۇئاغا ئاۋۋال قول كۆتۈرەتتى، مەن ئولتۇرغاندىن كېيىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئاۋۋال ساھىبخانا ئاندىن مېھمانلار بىلەن يەنە بىر قېتىم سالاملاشتىم. ساھىبخانا ماڭا چاينى قۇيۇپ، ئەدەپ يۈزىسىدىن چىنىدىكى چايغا ئۆزى ئاۋۋال ئېغىز تەگدى، ئاندىن ماڭا سۇندى. ئاندىن مەن چايغا ئېغىز تېگىشتىن بۇرۇن، ئەتراپىمدىكىلەرگە «چايغا كەلمەمسىلەر» دېدىم. ئۇلارمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ماڭا ئېگىلىپ سالىمى بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشتى. مەن شۇندىلا چېيىمغا ئېغىز تېگىشكە نېسىپ بولدۇم، بىر ھازادىن كېيىن ساھىبخانا بىزگە «ئەركىن ئولتۇرۇش»نى ئېيتتى. بۇ چاغدا بىز ئىككى تىزىمىزنىلا ئېگىپ، ئوشۇقىمىزنى كۆرپىگە تەگكۈزۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنىغا پۇتىمىزنى ئالماشتۇرۇپ ياكى تىزىمىزنى ئېڭىكىمىزگە تاقاشتۇرۇپ ئولتۇرۇشقا ياكى كۆرپىدە ئولتۇرماي بىۋاستە گىلەمدە ئولتۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنغانىدۇق. ئاندىن داستىخاندىكى تاتلىقلار يىغىۋېتىلىپ دەسلەپكى تاماق— قوي گۆشى شورپىسى تارتىلدى. تاماقتىن بۇرۇن ھەممىمىز چوقۇم ئاپتۇۋىدا ئېلىپ كېلىنگەن سۇ بىلەن ئۈچ قېتىم قولىمىزنى چايقىشىمىز شەرت ئىدى.

رەڭگى سايسېرىق كەلگەن مايلىق شورپىغا مېھمانلار ناندىن سېلىپ ئىچەتتى، ئاندىن ناننى بارماقلىرى بىلەن ئېلىپ يەپ، سۇيىنى پىيالە بىلەنلا كۆتۈرۈپ ئىچىشەتتى. ئاندىن كېيىن بىز يوغان نېپىز نانلار ئۈستىگە تىزىپ ئەكىرىلگەن گۆشكە ئېغىز تەگدۇق، داستىخاندا ئاخىر سۆڭەكتىن باشقا ھېچنېمە قالمىدى. بۇ يەردە قوي گۆشى ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى. ئادەتتە كالا گۆشى ۋە قوتاز گۆشلىرىمۇ يېيىلىدۇ، لېكىن مېھمانغا پەقەت قوي گۆشىلا تارتىلىدۇ. بەزىدە بىز تېخى ئات گۆشىنى قوتاز گۆشى دەپمۇ ساتىمىز، بۇ خۇددى ياۋروپانىڭ بەزى جايلىرىدا ئات گۆشىنى بۇغا گۆشى دەپ ساتقىنىغا ئوخشاش ئىش.

سۆڭەكلەرنى غاجاپ بىر يەرگە بارغاندا، بىرەيلەن دۇئاغا «ئامىن» دەپ قولىنى كۆتۈردى، قالغانلار ھەممىسى ئۇنىڭغا ئەگەشتى. بىز ياغلىقلارغا قولىمىزنى سۈرتۈپ تويغانلىقىمىزنى بىلدۈردۇق، ساھىبخانا كېلىپ بىزگە رەھمەت ئېيتتى. ياۋروپادا بولسا دەل ئەكسىچە بولۇپ، مېھمانلار ساھىبخانغا رەھمەت ئېيتاتتى. بىز بۇ يەردىكىلەر باشقىچە تەپەككۇر قىلاتتۇق. ساھىبخانىنىڭ داستىخانغا تەييارلىغان بارلىق نېمەتلىرى مېھمانلارغا تەۋە بولۇپ، ئېشىپ قالغان تاماقنىمۇ ساھىبخانىنىڭ سوۋغىسى سۈپىتىدە ئۆيىگە ئېلىپ كېتەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ناھايىتى تەبىئىي ۋە ئاددىي قاراش ئىدى. ئاندىن كېيىن مېۋە-چېۋە ۋە چاي تارتىلدى. كېچىچە ساھىبخانا ئۆزى بىر قانچە قېتىم ئۇسسۇلغا چۈشۈپ بەردى. بۇ ئۇنىڭ مېھمانلارغا كۆرسەتكەن ھۆرمىتى ئىدى. مېنىڭ بىر ئاغىنەم شۇ ئەسنادا ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى. بۇ خىل ئۇسسۇلنىڭ راھىتىنى غەربنىڭ باللىرى تەستە چۈشىنەتتى، بارات ئاخۇن تەكرارلانغان ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى بىلەن مېنى ئۇسسۇلغا تارتىۋاتاتتى، باشقىلارمۇ بىزگە قاراپ كۈلۈپ ۋارقىرىشىۋاتاتتى. بارات ئاخۇن لۈكچەك مىجەززەك بولۇپ، ئەگەر ئوينىمىساممۇ بىر قانچە تەڭگە تاشلاپ قويمىسام بولمايتتى، شۇنداق قىلىپ بۇ ئۇسسۇلدىنمۇ ئاخىر قۇتۇلدۇم.

تاڭ ئاتارغا يېقىن دېگەندە خىزمەتچىلەر دەسلەپتە قول يۇيىدىغانغا سۇ كەلتۈردى، ئارقىدىن يوغان تاۋاقلاردا پولۇ كەلتۈرۈلدى. ئۈچ-تۆت ئادەمگە بىر تاۋاقتىن توغرىلاپ ئاش كەلتۈرۈلگەن ئىدى. سىزمۇ بۇ تاماقنى بىلىسىز، لېكىن شىنجاڭدا بۇ خىل تاماق غەربىي ئاسىيا ۋە تۈركىيەدىكىگە ئوخشىمايدىغان ئۇسۇلدا ئېتىلىدۇ. بۇنىڭ ئېتىلىش ئۇسۇلى مۇنداق: ئاۋۋال قوي يېغى قىزىتىلىپ، ئۈستىگە نېپىز توغرالغان پىياز سېلىنىدۇ، ئاندىن ئۈستىگە پارچىلانغان قوي گۆشى سېلىنىپ ئۇزاق داغلىنىدۇ. ئاندىن قەلەمچە قىلىنغان سەۋزە سېلىنىپ، ئۈستىگە سۇ قۇيۇلۇپ ئازراق قارىمۇچ ۋە تۇز سېلىنىدۇ. بۇلار بىر ھازا قاينىتىلغاندىن كېيىن، ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىسسىق ۋە سوغۇق سۇغا ئالدىن چىلانغان گۈرۈچ سېلىنىپ، پەس ئوتتا بىرەر سائەت ئەتراپىدا دۈملىنىدۇ. بۇ خىل پولۇ كىشمىش ئۈزۈم ۋە باشقا تاتلىقلار بىلەن ئېتىلگەن پولۇغا قارىغاندا ئۇنچە تاتلىق بولمايدۇ، تېخىمۇ يېيىشلىك بولىدۇ. بىز ئۈچۈن بۇ بارلىق تائاملارنىڭ پادىشاھى ھېسابلىنىدۇ، بۇ تاماق چوقۇم قول بىلەن يېيىلىدۇ، بولمىسا تەمى قېچىپ كېتىدۇ. ياۋروپالىقلار بۇ خىل قول بىلەن يېيىش

تېخنىكىسىنى ھەرگىز قوبۇل قىلىپ بولالمايدۇ، زىيابەت
داۋامىدا تاماق ۋاقتىدا ۋە تاماقتىن كېيىن پىيالىلەرگە چاي
جىقلىنىپ تۇردى. بىز قوللىرىمىزدىكى ياغ يۇقى بىلەن
ئۆتۈكلىرىمىزنى مايلىشىپ تۇرغاندا مەسچىتتىن بامدات نا-
مىزىغا ئەزان توۋلىدى. شۇنىڭ بىلەن ناماز ئوقۇش
ئۈچۈن بەزىلىرى ئۆز ئۆيلىرىگە، بەزىلىرى مەسچىتكە
قاراپ يول ئېلىشتى.

ياز پەسلىدە بولسا بۇ خىل مەشرەپلەر ئاساسەن باغ-
لاردا كۈندۈزى ئۆتكۈزۈلىدۇ. كىشىلەر ئەتىگەندىلا يىغى-
لىشىپ تاكى كۈن ئولتۇرغاندا ئاندىن تارقىشىدۇ. بۇنداق
ئىجتىمائىي يىغىلىشلاردا سۇ چىلىمى (سۇ چىلىمغا ئادەتتە
قىزىلگۈل، كۆك ئالما قاتارلىقلار خۇرۇچ قىلىنىدۇ، زە-
ھەرلىك چېكىملىك خۇرۇچ قىلىنمايدۇ ــ ت) كەم بولسا
بولمايتتى. قىشتىكى يىغىلىشلاردا ئادەتتە چىلىم چېكىلمەي-
دۇ. بىزنىڭ چىلىمىمىز باشقا ئەللەرنىڭكىگە قارىغاندا ئېتى-
دائىيراق كەلگەن بولۇپ چىلىم بېشى چوڭراق بولۇپ،
يەنە بىر ئىنچىكە تەرەپتىن چېكىلەتتى. چىلىم بىلەن چاي
پىيالىسى بىزنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىمىزدە ناھايىتى مۇھىم
ئىككى نەرسە ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، كېلىشىم تۈزۈشتە
ۋە دەۋادا بۇ خىل ئىككى نەرسە چوقۇم بولۇشى كېرەك.
دەۋادا ئۇتتۇرۇپ قويغۇچى تەرەپ، يەڭگۈچى تەرەپتىن
چاي ئىچىشكە ۋە چىلىم چېكىشكە تەكلىپ قىلىنسىلا،
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپلارمۇ تۈگەپ
كېتىدۇ، بۇ قاتۇرۇپ چوڭ سۆزلەر بىلەن قەغەز يۈزىگە
خەت يازغاندىنمۇ ئەھمىيەتلىك ئىش بولىدۇ. لېكىن
بىزنىڭ بۇ ئەنئەنىۋى چىلىمىمىز بىر قىسىم ئاز ساندىكى
نەشىكەش كىشىلەر تەرىپىدىن نەشە چېكىشكىمۇ ئىشلىتى-
لىپ قالىدۇ. سىزمۇ بىلىسىز نەشە ئەپيۇنگە ئوخشاش بىر
خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، تاماكىنىڭ ئورنىغا چېكىلىدۇ ۋە
ئۇنىڭ كەيپى ناھايىتى پەيزى بولىدۇ، لېكىن ئۇنى
چەككەن ئادەمنى ئۆز قولىغا ئايلاندۇرۇپ يېرىم ساراڭ
قىلىپ قويىدۇ.

بۇ يۇرتتا باھار پەسلى ۋە ياز پەسلىدە كىشىلەرنىڭ
يەنە بىر ياقتۇرۇپ قىلىدىغان ئىشى مازار- ماشايىخلارنى
زىيارەت قىلىش ئىدى. ئەسلىدە مازار يوقلاش ھەجگە بې-
رىشنىڭ ئالدىدا ئەرۋاھلاردىن رازىلىق ئېلىپ مېڭىش
ئۈچۈن ئىدى. لېكىن يەنە بەزىلەر قەبرە ئالدىغا كېلىپ
بىر ھازا ياش تۆكىدۇ ياكى ئۆز كېسەللىرىگە شىپالىق تە-
لەيدۇ. ئىشقىلىپ مەقسەت ئىچىنى بىر بوشىتىۋېلىش ئىدى.
بەزى ۋاقىتلاردىن ئالغاندا، بۇ جاي ياش قىز- ئوغۇللارنى
ئۇچراشتۇرىدىغان ئورۇنغا ئايلانغان.

مەن بىر قانچە يىل بۇرۇن ھەزرىتى ئاپپاق خوجا
مازىرىغا بارغاندا مۇنداق بىر ئىش يۈز بەرگەنىدى. بىز
ئاغىنىلەر بىلەن بىللە چوڭ تۈگمەننىڭ يېنىدا چاي ئىچىپ
ئولتۇراتتۇق. بىر قانچە كۈن بۇرۇن، مەن بۇ يەرگە چا-
قىرىلغاندىلا نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىپ بولغان-
ىدىم. شۇڭا ئۇلار مېنى باغقا مۆكۈنۈۋالغان قىزلارنىڭ يېنى-
غا باشلاپ بارغاندىمۇ ئانچە ھەيرانمۇ قالمىدىم. ئۇ يەردە
چۈمبەلگە ئورالغان ئىككى قىزچاق شاخ- شۇمبىلارنىڭ ئا-
رىسىغا مۆكۈنۈۋالغانىدى. مەن قولۇمنى قورسىقىمغا
قويۇپ ئۇلارغا ئېگىلىپ سالام قىلدىم، چۈنكى بىزدە ئا-
ياللار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش مەنئى قىلىنغانىدى.
ئۇزۇنچە مېنىڭ بىر ھەمراھىم كېلىپ بىر قىزنىڭ چۈمبىلى-
نى ئاستا قايرىدى. مەن ئۇ قىزنىڭ چىرايىنى بىرلا
كۆرۈپ قالدىم، لېكىن شۇ ماڭغا تېگىل بولدى. مەن «قىز
گۈزەللىككە يارىشا، خۇلقى ئېسىلمىدۇ؟» دەپ سورىدىم.
مېنىڭ ۋاكالەتچىم جاۋاب بېرىپ: «ئۇ قىز ئىسمى- جىسمى-
غا لايىق گۈزەل» دېدى. ئۇ قىز 14 ياشلار چامىسىدا
بولۇپ، بۇ يەردىكى نورمال توي قىلىش يېشىدىن ئۆتۈپ
كەتكەنىدى. بىزنىڭ بۇ يەردىكى 14 ياشلىق قىزلار ياۋ-
روپادىكى 20 ياشلىق قىزلارغا ئوخشاش يېتىلىپ بولاتتى.

مەن بۇ كىچىك قىستۇرمىدىن كېيىن سىزگە يەنە دا-
ۋاملىق يۇرتىمىزدىكى ئويۇنلار توغرۇلۇق سۆزلەپ
بېرەي. ئەڭ قىزىپىدىغىنى دارۋازلىق ئويۇنى بولۇپ، ئا-
دەتتە مەزمۇت بىر خادىغا چاق ئورنىتىلىدۇ. ئاندىن چاققا
ئارغامچىلار ئېسىلىپ چاقنى پىرقىراتقاندا، ئارغامچىغا ئې-
سىلغان ئادەم ھاۋادا ئېگىز- پەس بولۇپ پىرقىراپ ئۇچا-
لايدۇ. بۇ خۇددى غەرب ئەللىرىدىكى ئايلانما ياغاچ ئات
ئويۇنىنىڭ دەسلەپكى ئىختىراسىغا ئوخشايدۇ، بۇ خىل ئو-
يۇننى كۆپىنچە ئاياللار كۆپرەك ئوينايدۇ.

بۇلاردىن باشقا يەنە قاراڭغۇ بازارمۇ بار. بۇ دېگەن
لىك قىمارنىڭ بىر قانچە خىل تۈرلىرىنىمۇ كىشىلەر كۆڭۈل
ئېچىش قاتارىدا ئوينايدۇ. ئەڭ ئومۇملاشقىنى قوي ياكى
ئۆچكىنىڭ ئوشۇقى بىلەن ئوينىلىدىغان قىمار. بۇنىڭدا كى-
شىلەر تەلەي كېلىش ئۈچۈن كۆپ ھاللاردا تۈلكىنىڭ سۆ-
ڭىكىدە ياسالغان بىلەزۈك تاقىۋالىدۇ، كېيىنكى يىللاردا

يەنە قارت ۋە شىشخالمۇ بۇ يۇرتقا يېتىپ كەلدى. يامان ئىش ئوتتاي تارقىلىدىغان ئوخشايدۇ، شۇندىق قىلىپ بۇ خىل قىمارلار كىشىلەر تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىردى.

ئەمدى كۆپ سۆزلەپ تاقىتىڭىزنى قويماي ۋاقتىنىمدىن ئوتتايسىزلىنىۋاتىمەن. ئامان بولۇڭ!

ھىجرىيە 1332 ـ يىل، تالاشنىڭ 20 ـ كۈنى، كاشغەر.

### ئۈچىنچى خەت

مەن ئۈچۈن ئەڭ ھۆرمەتلىك ۋە قەدىرلىك بولغان دوستۇم كامىل ئەپەندىگە بۇرادىرىڭىز قاسىم ئاخۇندىن چەكسىز سېغىنىپ سالام.

گەرچە سىزگە خەت يازغىلى تېخى بىر قانچە ھەپتە بولغان ھەمدە سىزنىڭ جاۋاب خېتىڭىزنى تاقەت بىلەن كۈتۈۋاتقان بولساممۇ، مەن يەنىلا سىزگە خەت يېزىشقا مەجبۇر بولدۇم، ئائىلىمىزدە يېقىندا بىر قازا يۈز بەردى. مېنىڭ بىر تاغام ــ سۇپۇرگە باي، ئالتە كۈنلۈك كېسەل ئازابىدىن كېيىنلا ساقىيىپ كېتەلمەي، ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى. ئۇنىڭ ۋاپاتى جامائەتچىلىك ئىچىدىمۇ چوڭ تەسىر كۆرسەتتى، ماڭا قانداق تەسىرى بولىدۇ ئۇنى بىلمەيمەن، لېكىن بۇ يىل ئىچىدە مەنمۇ چوقۇم سوت ۋە باشقا دەۋا ئىشلىرىغا قاتنىشىشىم مۇمكىن.

سىزنىڭ قىزىقىش دائىرىڭىزنىڭ كەڭلىكىنى بىلمەن، شۇڭا تاغامنىڭ ئۆلۈمىدىن پايدىلىنىپ مەن سىزگە بۇ يەردىكى ئۆرپ ـ ئادەتلەر توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەي. ئۇنىڭ كېسىلى ئۇشتۇمتۇتلا قوزغالدى. بىز يەرلىك دوختۇر ۋە يېڭى دوختۇرنىمۇ ئەكەلدۇق. تاغام ئۇلارنىڭ خىلمۇخىل دورىلىرىدىنمۇ ئىچىپ باقتى، لېكىن كار قىلمىدى. ئاخىر دۇرۇت ئوقۇيدىغان كىشىلەرنىمۇ چاقىرىپ كەلدۇق. چۈنكى كېسەل نەپەس ئېلىشى قىيىن بولسا، چوقۇم يامان ئەرۋاھلار ئۇنى چىرمىۋالغانىكەن، شۇڭا ئۇلارنى قوغلاش مەقسىتىدە دۇرۇت ئوقۇپ تۈرۈش كېرەك. بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ كېسىلىگە شىپا بولالمىدى. ئاخىر مەن يەنە بىر تاغام بىلەن بىرلىكتە باشقىلارنى قايىل قىلىپ، كېسەلنى شۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ دوختۇرخانىسىغا ئاپاردۇق. ئۇلار بۇنىڭ ئۆپكە ياللۇغى ئىكەنلىكى ۋە كېسەلنىڭ يۈرىكىنىڭ ناھايىتى ئاجىز ئىكەنلىكىگە دىياگنوز قويدى. گەرچە مەن بىلەن دوختۇرخانىغا بىللە بارغان تاغام كېسەلنىڭ ئەھۋالىنى ئەڭ ياخشى بىلسىمۇ، لېكىن ئۇ باشقىلارغا تەسەللى بېرىپ: «ئۇ ھازىر ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ ئازراقلا ئۇخلىۋالسا ساقىيىپ كېتىدۇ» دەيتتى. كېيىن كېسەل نەپەستىن توختىغان چاغدا، ئۇ يىپ بىلەن مېيىتنىڭ پۇتىنىڭ چوڭ بارماقلىرىنى ئۆزئارا چەگدى ۋە داكا بىلەن مېيىتنىڭ ئېڭىكىنى تاڭدى. ئاندىن يۇقىرى ئاۋازدا يىغلاشقا باشلىدى، ئارقىدىنلا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ باشقا ئائىلىلەرمۇ كېچىچە ھۆركىرەپ يىغلاشتى.

ئەتىسى مېيىتنى يەرلىككە قويۇش تەييارلىقلىرى قىلىندى. مېيىت سۇدا يۇيۇلۇپ چېچى چۈشۈرۈلدى. ئاندىن مېيىت ئاق كېپەنگە ئورۇلۇپ، خۇددى خالتا چەككەندەك باش تەرىپىدىن چىگىلدى. ئاندىن مېيىت تاختىغا ياتقۇزۇلۇپ تاۋۇتقا سېلىندى. تاۋۇت ئۈستىگە ئەرلەرگە ئاق پاختا يوپۇق، ئاياللار ۋە باللارغا رەڭلىك يوپۇق يېپىلىدۇ. ۋاپات بولۇپ كەتكەن تاغامنىڭ چوڭ ئوغلى مۇسا ئاخۇن باش بولۇپ، تاۋۇتنىڭ ئالدىدا يىغلاپ ماڭدى. تۆت ئادەم تاۋۇتنى كۆتۈردى. تاۋۇت شەھەرنى ئايلىنىپ، ئاپپاق خوجا مازارلىقىغا يېتىپ كەلدۇق، بۇ يەرگە پەقەت ئەرلەر ۋە ئوغۇل باللارغىلا كېلىشكە رۇخسەت قىلىناتتى. زاراتكارلىققا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ھەممەيلەن قايغۇ ئىچىدە تاۋۇتنى يەرگە قويدى، ئاندىن مېيىتنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلدى.

سىزنىڭ قەبرە توغرۇلۇق تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولۇشىڭىز ئۈچۈن، مەن تۆۋەندە بىزنىڭ قەبرىلىرىمىزنى تەسۋىرلەپ ئۆتەي: مېنىڭچە بۇ بارلىق ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلاردا ئوخشاش بولىدۇ. ئاۋۋال بىر يېرىم مېتىر چوڭقۇرلۇقتا تۆت بۇرجەك ئۆرەك كولايدۇ، گۆر ئاغزى ئىككى مېتىر چوڭقۇرلۇقتا بولىدۇ، ئاندىن ئەنچگە قاراپ يول ئېچىلىدۇ، بۇ گۆر ئىشىكى دېيىلىدۇ، ئىچى تەرەپكە قۇرۇق توپا تاشلىنىدۇ.

جەسەت يۇقىرىدا تىلغا ئالغان تاختىغا ياتقۇزۇلۇپ، گۆر ئىچىگە ئالدىن چۈشۈپ تۇرغان كىشىگە بېشى تەرەپتىن سۇنۇلىدۇ. بۇ يەردە ئاندىن چىگىلگەن كېپەن يېشىلىپ، جەسەتنىڭ يۈزى مەككىگە قارىتىلىپ قويۇلىدۇ. ئاندىن ھەممەيلەن بىر چاڭگالدىن جەسەت ئۈستىگە توپا تاشلايدۇ. گۆر ئىشىكىنى خام كېسەك بىلەن ئېتىپ گۆر ئاغزىغا يەنە توپا تاشلايدۇ. قەبرە ئەتراپىغا كېيىن كېلىپ قۇرئان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن بىر رېشاتكا توساپ قويۇلىدۇ. كەمبەغەللەر ئادەتتە قۇرئان ئوقۇيدىغانلارنى تەكلىپ قىلىشقا قۇربى يەتمەيدۇ، بىزنىڭ ئائىلىنىڭ ئىلكىدە بولغاچقا تاغام

تۆگەپ كەتكەندىن كېيىن قەبرە بېشىدا ئادەم ياللاپ قۇرئاننى ئۈچ قېتىم ئۆتكۈزدى. ئۆلۈم بولۇپ ئۈچ كۈنگىچە بىزنىڭ ئۆيدە تاماق ئېتىلمىدى، بۇ جەرياندا قولۇم-قوشنىلار ۋە يېقىنلار ھاردۇق سوراپ ئېلىپ كەلگەن تائاملارنى يېدۇق. ھەر قېتىم كىشىلەر كەلگەندە بىر قېتىم قوشاق توقۇلۇپ يىغا باشلىناتتى. ھال سوراپ كەلگەنلەر ئۆلۈم بولۇپ ئۈچىنچى كۈنىدە نەزىرگە چاقىرىلدۇ. يەتتىنچى كۈنىدە ۋە 40 - كۈنىدە تېخىمۇ چوڭراق نەزىر بېرىلدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاخىرەتلىك ئىشلارمۇ ئاخىرلىشىدۇ. بۇ دېگەنلىك ئەرلەر ئەمدى ساقال-بۇرۇتلىرىنى ئېلىپ، ئاياللار يۇيۇنۇپ چاچ-پاچلىرىنى تارىسا بولىدۇ دېگەنلىك، ئۆلگۈچىنىڭ ۋاپاتى خاتىرىلىنىپ بىر يىلدىن كېيىن يەنە بىر قېتىم نەزىر بېرىلدۇ.

ئائىلىمىزدىكى مۇشۇ پاراكەندىچىلىكلەر بىلەن بولۇپ قېلىپ، مەنمۇ باشقا ئىشلىرىمنى قىلالمىدىم، چۈنكى ئادەم خۇشاللىق ۋە قايغۇنى بىرلا ۋاقىتتا كۆرەلمەيدىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلاردىن كېيىنكى خەتلىرىمدە سىزنى خەۋەرلەندۈرىمەن. سالام ئەلەيكۇم.

هىجرىيە 1332 - يىلى، باراتنىڭ 7 - كۈنى، كاشغەر.

### تۆتىنچى خەت

مەن ئۈچۈن قەدىرلىك كامىل ئەپەندىگە، قۇلىڭىز قاسىم ئاخۇندىن سالام.

سىزدىن خەت كەلمىگىلى ئالتە ئايدىن ئاشتى. مەن بۇنى قالايمىقان دەۋردىكى پوچتىنىڭ سەۋەنلىكى دەپ ئويلاشقىلا تىرىشىمەن، مەندەك بىر قۇلىڭىزنى ئەستىن چىقىرىپ قويدىمىكىن دەپمۇ ئويلاپ قالىمەن بەزىدە. شۇنداق بولسىمۇ مەن يەنىلا سىزگە خەت ئەۋەتىشنى خالاپ قالدىم. ئۆتكەنكى خېتىمدە ئائىلىمىزدە يۈز بەرگەن بىر ۋەقەنى تىلغا ئالغانتىم، بۇ قېتىم ئەمدى ئىككى ئىش توغرۇلۇق سىزگە بايان قىلىپ بەرمەكچىمەن.

بىرىنچىسى، ئۇلۇغ ئاللانىڭ شاپائىتى بىلەن ئاچام بىر ئوغۇللۇق بولدى. سىزمۇ بىلىسىز، ئاچام ئىستانبولدا تۇرغان قىسقىغىنە ۋاقىتتا فىرانسۇزچىنى ناھايىتى ئوبدان ئۆگەنگەن قۇتلۇق ئاخۇن بىلەن توي قىلغانىدى. ئادەم باللىق بولسا، كەمبەغەل چېغىدا ئۆزىنى ناھايىتى باي چاغلايدۇ. ئېغىر ئاياغ بولغان ئاياللارمۇ ناھايىتى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبىرىمىز: «جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا» دېگەنىكەن. مەن دەسلەپتە ئۇنىڭ ئېغىر ئاياغلىقىنى بىر قانچە قېتىم پەرەز قىلغانىدىم. بىر قېتىم ئۇ كىچىك سېغىز لايىنى چايناپ تۇرۇپتىكەن، يەنە بىر قېتىم ئۇ ئۆگزىدە جىن بار دەپ پەقەت شوتىغا چىققىلى ئۇنىمىدى، بۇ چاغلاردا ئۇ ئانارنى كۆپ يەيدىغان ۋە سۈيىنى كۆپ ئىچىدىغان بولۇپ قالغانىدى، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئانار قورساقتىكى بالىغا قان تولۇقلارمىش.

بالا تۇغۇلىدىغان ۋاقىتتا، بىر قانچە ئاياللار ياردەمگە كېلىپ تولغاقتا بىرگە بولىدۇ. بالا دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن كېيىن يۇيۇندۇرۇلىدۇ، لېكىن 40 كۈنگىچە بالا بىلەن ئانىسى ئىككىسى يۇيۇنمايدۇ. ئۇلار ياتقان كارىۋاتنىڭ بېشىغا قۇرئان ئېسىپ قويۇلىدۇ. بالا تۇغۇلۇپ ئىككىنچى كۈنىلا بالا ياڭاق، شېكەر ۋە نان بىلەن ئېغىزلاندۇرۇلىدۇ. ئاندىن بالىغا كىيىملەر تىكىلىدۇ، لېكىن كىيىمنىڭ ئېتەكى پەرلەنمەيدۇ، بولمىسا بالىنىڭ ئايىغى تېز چىقمايدۇ دەپ قويىدىغان گەپ بار. 40 كۈندىن كېيىن ئاچامنىڭ بالىسىنى بۆشۈككە سالدى. بالىنىڭ دوپپىسىغا، كىيىمگە ۋە بۆشۈكنىڭ ياغىچىغا نۇرغۇنلىغان تۇمارلار پۇتۇلدى. بالا بۆشۈككە چىڭ قىلىپ تېڭىلدى، بالا تاماق يېگەندىمۇ ئانىسى ئۇنى قولىغا ئالماي تۇرۇپلا، بۆشۈككە ئېڭىشىپ تۇرۇپ ئېمىتەتتى. شۇنداق قىلىپ بالا چوڭ بولۇپ تۆت ياشتىن-ئالتە ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا مەكتەپكە كىرىدۇ، قىزلار سەككىز ياشتىن 12 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا بالاغەتكە يەتتى دەپ قارىلىدۇ، بايراق ئائىلىنىڭ ئوغۇللىرى بولسا 14 - 16 ياشلاردا ئۆيلىنىدۇ.

مەن سىزگە ئۆتكەنكى خەتلىرىمدە زوراخان بىلەن قانداق تونۇشقىنىمنى ۋە ئۇنىڭ چولپاندەك كۆزلىرى، ئاناردەك يۈزلىرىنىڭ يۈرىكىمنى كۆيدۈرگىنىنى سۆزلەپ بەرگەنىدىم. لېكىن مەن تۇغقانلىرىمنىڭ مېنىڭ بۇ ئىشىمغا قارشى چىقىشىدىن ئەنسىرىگەن، چۈنكى ئۇ بىزنىڭ جەمەتنىڭ ئادىمى ئەمەس ئىدى. كېيىن ئۆگەي ئانام ئىنىك ئانام ۋە تاغىلىرىمنىڭ ئاياللىرى ئۆز ئەرلىرىنى بۇ ئىش توغرىسىدا قايىل قىپتۇ. ئۇلار ئۇ قىز ياخشى قىز ئىكەن ھەم باي ئائىلىنىڭ قىزى ئىكەن، بۇ قېتىم ئالاھىدە قائىدىنى بۇزۇۋېتەيلى دېيىشىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار زوراخاننىڭ ئائىلىسىگە بىر ئەلچىنى سوۋغا-سالاملار بىلەن ئەۋەتىپتۇ. ئۇ ئەلچى ئوبدان قارشى ئېلىنغاندىن كېيىن ئۆگەي ئانام ۋە ئاچاممۇ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ توي ئىشى توغرۇلۇق سۆزلىشىپ كەپتۇ.

بىز تەرەپتىن كېلىنچەككە تويلۇقتا مەرۋايىت كۆزلۈك بىر جۈپ ئالتۇن ھالقا، بىر جۈپ ئالتۇن بىلەزۈك، ئىككى دانە كەھرىۋا مارجان، بىر دانە كۆمۈش بۇلاپكا، ئىككى جۈپ ئاياغ، ئىككى قۇر كىيىم، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر دانىسى يىپەكتىن قىلىنغان ۋە يەنە بىر دانە ئالتۇن كوكۇلىلىق دوپپا، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر مۇنچە گىلەم، ئورۇن-كۆرپىلەرنى سالغانىدى، مەن بۇلارنى شۇ كۈنلا ئاچامدىن ئاڭلاپ بولغانىدىم. بىر ھەپتىدىن كېيىن دادام مېنى چاقىرىپ كەلگۈسۈم توغرۇلۇق پاراڭلاشتى.

مەن ئاچام بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئاياللار بار ھويلىغا كىرسەم، ئۇ يەردە ناتونۇش ئادەملەر كۆپىيىپ كېتىپتۇ. مەن ئەمدى دەرۋازىدىن بۇرۇلاي دەپ تۇرۇشۇمغا ئىنىك ئانام ئۇچرىشىپ مېنى ئۆگەي ئانامنىڭ مېھمانخانىسىغا باشلاپ كىردى. ئۇ يەردە مېنىڭ بولغۇسى كېلىنچىكىم، ئۇنىڭ ئانىسى ۋە باشقا بىر قانچە ئاياللار ئولتۇرۇشاتتى. ئۆگەي ئانامدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇپ مەن بىلەن سالاملاشتى. زوراخانىنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىنغانىدى. مەن ئۆينىڭ قارشى تەرەپىدىكى تام تەرەپتە ئولتۇردۇم، داستىخاندا نان ۋە بىر قاچىدا تۈزلۈق سۇ تۇراتتى. بۇنىڭ بىلەن بىزگە چاي ئىچكۈزگەن بولاتتى. مېنىڭ كېلىنچىكىم باشتىن-ئاخىر يۈزىگە چۈمبەل تارتىپ ئولتۇراتتى. بەزى تۆۋەن تەبىقىدىكەلەرنىڭ چىپىدا كېلىنچەك چۈمبەلسىزمۇ ئولتۇرسا بولاتتى، چۈنكى ئۇلار بەرىبىر كوچىغا چىققاندىمۇ چۈمبەلسىز يۈرىدۇ دەپ قارىلاتتى.

ئاخىر زوراغا ئېرىشكىنىمدىن خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن، لېكىن سىز بىلەن كۆرۈشۈش ۋە ئوقۇشۇمنى داۋاملاشتۇرۇش ئىستىكى ھەممەدىن كۈچلۈك كېلىدۇ، ماڭا تېزرەك خەت يازارسىز، سىزنى كۈتىمەن.

ھجرىيە 1332-يىلى، قۇربان ھېيتنىڭ 26-كۈنى،
كاشغەر.

### بەشىنچى خەت

قەدىرلىك بۇرادىرىم كامىل ئەپەندىگە، بۇرادىرىڭىز قاسىم ئاخۇندىن چەكسىز سالام.

ئالدى بىلەن بىر ھەپتە بۇرۇن تاپشۇرۇۋالغان خېتىڭىزگە رەھمەت ئېيتىمەن. بۇ خەتنىڭ ماڭا يېتىپ كېلىشىگە ئۈچ ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت كەتكەن بولۇپ، ئامېرىكا ئارقىلىق جۇڭگوغا يېتىپ كەپتۇ. چۈنكى ئۇرۇش دەۋرىدە ياۋروپادىن كەلگەن پوچتا تېز ۋاقىتتا كېلىپ بولالمايتتى. ھۆكۈمەت تۆت يىل بۇرۇن بىز بار ئۆلكىدىمۇ پوچتا مەركىزى ئاچقان بولۇپ، بۇرۇنقىدەك رۇسىيە پوچتا ئىدارىسىگە بېقىنمايتتۇق. سىز قارىسام جۇڭگوچە پوچتا ماركىلىرىغا قىزىقىپ قاپسىز، سىزنىڭ بۇرۇنمۇ پوچتا ماركىسى توپلايدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم، لېكىن جۇڭگودا پوچتا ماركىلىرىنى يەنە باشقا ئۆلكىلەردە ئىشلىتىۋېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ماركىغا شۇنداق تامغا ئۇرۇۋېتىلىدۇ.

سىزنىڭ خېتىڭىزدىن سىزنىڭ ۋە ئائىلىڭىزنىڭ ئاللانىڭ پاناھىدا خۇشال كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇرسەن بولدۇم. مەنمۇ سىزنىڭ دۇئالىرىڭىز بىلەن سالامەت ۋە ئوبدان كېتىۋاتىمەن ھەمدە سىزگە داۋاملىق مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەيمەن.

ئۆتكەندە مەن سىزگە مېنىڭ ھۆكۈمەت بىلەن بىر دەۋاغا چۈشۈپ قالغانلىقىم توغرىسىدا ئازراق بايان قىلىپ بەرگەنىدىم. بۇ ئىشنىڭ مەن بىلەن بىۋاستە چېتىشلىقى بولمىسىمۇ، بىزنىڭ تۇغقانلار بىلەن مۇناسىۋىتى بولغاچقا، مەنمۇ بىللە سوتقا بېرىشىم كېرەك ئىدى.

بۇ قېتىم مەن بىر خىل توي مۇراسىمى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرەي، بۇ ئەمەلىيەتتە سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە توي ھېسابلانمايدۇ. بىزدە گەرچە تېخى ئاياللار ئەركىنلىكى باش كۆتۈرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئائىلىدە ئاياللار ئۆز پەزىلىتى ۋە ئائىلىگە كۆرسەتكەن تۆھپىسى بىلەن چوڭ ئىمتىيازغا ئىگە بولىدۇ. لېكىن بۇ خىل ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئاياللار چوقۇم بىر مۇراسىم ئارقىلىق ئۆز جۇۋانلىقىنىڭ قەدرىنى تونۇتۇشى كېرەك. شۇڭا ئاياللار بىر ياكى ئىككى باللىق بولغاندا «جۇۋان تويى» ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ياش قىزلار بىلەن بولغان پەرقىنى ئىپادىلەيدۇ. جۇۋان بولغاندىن كېيىن ئاياللار ئىككى تال ئۇزۇن ئۆرۈمە چېچىنى كەھرىۋا تاقاق ۋە كۆمۈش لېنتىلار بىلەن باغلىۋالىدۇ، بۇ جۇۋانلارنىڭ ئالاھىدە بەلگىسىدۇر. پەقەت مۇشۇنىڭدىلا ئاياللارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ياشقا چوڭايغانلىقىنى ئىشەندۇرۇشكە بولىدۇ، مەن 90 ياشلىق بىر مومايىنىڭ ئۆزىنى 15 ياشلىق قىزدەك چاغلايدىغانلىقىنىمۇ ئاڭلىغانىتىم بۇرۇن.

مېنىڭ ئاچام 28 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، بىر بالا تۇغقاندىن كېيىنلا، باشقىلار ئۇنى چوكان دەپ چاقىراتتى، بۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئىنتايىن يېرىم قىلاتتى. شۇڭا ئۆتكەن ھەپتە ئۇنىڭ يولدىشى بارلىق تۇغقانلارنى ۋە دوست-

بۇرادەرلەرنى چاقىرىپ ئاچامغا جۇۋان تويى ئۆتكۈزۈپ بەردى. مېھمانلارنىڭ ھەممىسى كېلەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە 250 تەك مېھمان كەلدى. بۇ توي ئۈچ كۈن داۋام ئەتتى. مېھمانلار چوڭ-كىچىك سوۋغا - سالاملار بىلەن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە پاقلان، مېكىياندىن تارتىپ، يىپەك رەخت، گىلەمگىچە بار ئىدى. ئەرلەر دادامنىڭ ھويلىسىدا، ئايال مېھمانلار بولسا تاغاملارنىڭ ھويلىسىدا ئۇزىتىلدى. تويىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى كوچىدىكى دىۋانىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ يەرگە يىغىلدى. بۇ تويدا جەمئىي بەش سېمىز قوي، بىر كالا ۋە نۇرغۇن توخۇ، كەپتەرلەر مېھمانلارغا تاماق قىلىپ تارتىلغانىدى. ئاچام ھوشقىغا كېلىدىغان ئىككى تال ئۆرۈمە چاچلىرىنى كۆز-كۆز قىلىپ تۆردە ئولتۇراتتى، لېكىن ھېچكىم ئۇنىڭغا جۇۋانلىق توغرىسىدا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىغانىدى.

قۇتلۇق ئاخۇن سىزگە سالام ئېيتتى، ئەخلەت ھاجىمۇ سالىمىنى ئېيتتى، تىنچلىق بولۇڭ.

ھىجرىيە 1333 - يىلى، سەپەرنىڭ 29 - كۈنى، كاشغەر.

ئالتىنچى خەت

مەن ئۈچۈن ئەزىز دوستۇم كامىل ئەپەندىگە، بۇرادىرىڭىز قاسىم ئاخۇندىن سالام.

ئالدى بىلەن كېچىكىپ خەت يازغىنىمدىن ئەپۇ سورايمەن. بۇنىڭ سەۋەبى مەن توي ئىشلىرىم بىلەن بولۇپ كېتىپ، كاللامنى مەركەزلەشتۈرەلمەي قالدىم، ھازىر ئەمدى زوراخانىنى بىزنىڭ ئۆيگە كۆچۈرۈپ ئېلىپ كېلەۋالدىم، توي ئىشلىرىمۇ ئاياغلاشتى.

ئۆتكەندە سىز مەندىن ئۇيغۇرلارنىڭ توي مەرىكەسى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشىمنى ئۆتۈنۈپتىكەنسىز مەن ھازىر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سۆزلەپ بېرەي. لېكىن ئالدى بىلەن ئەسكەرتىدىغىنىم، بۇ پەقەت باي ئائىلىلەرنىڭلا توي مۇراسىمى، چۈنكى تۇنجى ئالغان خوتۇنى چوڭ خوتۇن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ ۋە تويى مۇشۇنداق چوڭ ئۆتكۈزۈلىدۇ، قالغان خوتۇنلارنى جىمجىتلا خوتۇن قىلىپ ئېلىپ كېلىۋالىدۇ.

توي تەييارلىقلىرى بىر قانچە ھەپتە بۇرۇنلا باشلانغان بولۇپ، تاغقا ئادەم ئەۋەتىلىپ، قويلارنىڭ سېمىزلىرى تاللاپ كېلىنىدى. توي مەرىكىمىز قېيىنئاتام ئىمىن بەگنىڭ قورۇسىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپ، قورۇلار ئاقارتىلىپ، دالانغا يېڭى بورىلار سېلىنىدى، تامغا يېڭى زەدىۋاللار تارتىلدى. تويغا ئاتاپ بىر مۇنچە چوڭ-كىچىك ھەجىمدىكى رەختلەر كەستۈرۈپ كېلىنىدى، چۈنكى تاماقلاردىن باشقا يەنە مېھمانلارغا رەختمۇ قويۇلاتتى. ئۆزدىمىزنىڭ تۈگمىنىدە ئۇن تارتىلىپ، نان يېقىشقا تەييارلىق قىلىنىدى، چۈنكى بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر بازار نېنىنى ئانچە ياقتۇرمايتتى. ناننىڭ خېمىرى يوغان تەگنىلەردە قولدا تاسقالغان ئۇن، تۇز، خېمىرتۇرۇچ، سۇ بىلەن قوشۇپ يۇغۇرۇلىدۇ. ئاندىن بارماقلار بىلەن يۇملاق شەكىلگە ئەكېلىپ ئېچىلىپ، مەخسۇس تىكىلگەن يەگلىك ئۈستىگە قويۇلۇپ، يۇزىگە چانالغان پىياز ياكى باشقا دورا-دەرمەكلەر سۇركۈلىدۇ، ئاندىن ئاغزى يۇملاق تۆشۈك ئېچىلىپ ياسالغان، سائەت شەكىللىك دوخۇپكىنىڭ (تونۇرنى دېمەكچى) تېمىغا يېقىلىدۇ. بۇ چاغدا يەنە بىر تەرەپتىن تاغاملارنىڭ قورۇسىدا قوي بوغۇزلىنىۋاتاتتى، قوينىڭ گۆشنى ئىشلەتكەندىن سىرت بىزدە يەنە ئۈچىيى ۋە ئۆپكىسىدىمۇ تائام تەييارلايمىز. ئۈچەيدە قىلىنغان ھېسىپ مۇنداق تەييارلىنىدۇ: ئۈچەي پاكىز يۇيۇلۇپ، خام گۈرۈچ، ئۇششاق جىگەر توغرالمىسى ۋە دورا - دەرمەكلەر سۇ بىلەن قوشۇپ، ئۈچەي ئىچىگە ماگدۇرۇلىدۇ، ئاندىن سۇدا پىشۇرۇلىدۇ، ھېسىپ كۆپۈپ پىشقان چاغدا قازاندىن ئېلىنىدۇ. ئۆپكە بولسا، ئۆپكە كارنايچىسىدىن قىزىتىلغان كەندىر يېغى قۇيۇلۇپ، ئارقىدىن سۇيۇق ئۇماچ قۇيۇلۇپ تاكى ئۆپكە كۆپكىچىلىك توشقۇزۇلىدۇ. ئۆپكە پۈتۈن پېتى سۇدا پىشۇرۇلىدۇ، ئاندىن يەيدىغان ۋاقتىدا كىچىك پارچىلىنىپ، ھېسىپ بىلەن بىرگە داستىخانغا تىزىلىدۇ. مۇسۇلمانلارغا بۇغۇزلانغان ھايۋانىنىڭ قېنى ھارام بولىدۇ، بۇ كۈنلەردە بىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا سۇ كۆتۈرگۈچىلەر كۆپ بولۇپ، يەرلەر ئۇلار تۆكۈۋەتكەن سۇ بىلەن تولا ھۆل بولۇپ قالىدىغان بولۇپ قالدى، پۈتۈن شەھەر بويىچە كىشىلەر تۆمۈر چېلەكلەردە ئۆيلىرىگە سۇ توشۇيتتى، شۇ ۋەجىدىن سۇ توشۇپ جان باقىدىغان كىشىلەرمۇ كۆپ ئىدى.

توي كۈنى بېكىتىلىپ، ئۇنىڭدىن ئىككى ھەپتە بۇرۇن، قېيىنئاتام تويغا باغاق ئەۋەتىشكە باشلىدى. تويغا بىر قانچە كۈن قالغاندىن باشلاپلا مېھمانلار يىراق-يېقىندىن كېلىشكە باشلىدى، ئۇلارنىڭ كۆپلىرى بىزگە تىرىك قويلارنى سوۋغا قىلىپ كېلىپتۇ.

چۈشتىن كېيىن مەرىكە رەسمىي باشلاندى. بىزنىڭ ئۆرپ-ئادىتىمىز بويىچە، توي بېشى ئاۋۋال سۆزلەيتتى. ئۇ تويى بولغۇچى ئىككى تەرەپنى تونۇشتۇرۇپ، قىزنىڭ

بويتاق ياكى ئەمەسلىكى، ئاجراشقان ئايال ياكى ئەمەسلەكى شۇنداقلا كىمنىڭ ئۇ قىزنى ئۆيلەيدىغانلىقىغا چۈشەندۈرۈش بېرىلەتتى. توي بېشى مېنىڭ دادامدىن مېنىڭ ئۇ قىزنى ئەمرىمگە ئالسام بولىدىغان- بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا سورىدى، خۇددى توي ئىشى دادامنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىشتەك. ئاندىن ئۇ كېلىنچەكنىڭ دادىسىدىن ۋە باشقا ئۈچ نەپەر گۇۋاھچىدىن بىز ئىككىمىزنى باغلاپ تۇرغان ۋەدىنىڭ سانىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى سورىدى. ئۇلار پەرەز قىلىپ 27 مىڭ دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئۇ تۈركچە بىلەن ئەرەبچىنى ئارىلاشتۇرۇپ، بىر گەپلەرنى تەكرارلاپ، 27 مىڭ ۋەدە بىلەن بىز ئىككىمىزنى باغلاپ قويدى. ئەڭ ئاخىرىدا سوئال سوراش نۆۋىتى ماڭا كەلدى. ئۇ مەندىن ئىمىن بەگنىڭ قىزى زوراخاننى ئەمرىمگە ئالغان- ئالمىغانلىقىمنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا قارىتا كەسكىنلا «ئالدىم» دەپ جاۋاب بەردىم، ئەمدى توي بېشى بېشىغا چۈمبەل ئارتىپ ياندىكى ئۆيدە ئولتۇرغان زوراخاندىنمۇ مېنى قوبۇل قىلغان- قىلمىغانلىقىنى سورىدى. لېكىن ئۇ جاۋابقا ئېرىشەلمىدى. چۈنكى قىزلارنىڭ دەرھاللا جاۋاب بېرىشى ئۇ قىزنىڭ ئانچە شەرم- ھايالىق ئەمەسلىكىدىن دېرەك بېرىپ قوياتتى. ئۇ سوئال ئىككىنچى قېتىممۇ يەنە جاۋابسىز قالدۇرۇلدى. ئۈچىنچى قېتىم سورالغاندا، كېلىنچەك ئاران ئاڭلىنىدىغان قىلىپ «قوبۇل قىلدىم» دېگەن جاۋابنى بەردى. ئەتراپىدىكى قىزلار «ئاڭلىدۇق» دېيىشتى. ئاندىن توي بېشى ناننى پارچىلاپ، ئىككى بۇردىنى تۇزلۇق سۇغا چىلاپ، بىرىنى ماڭا، يەنە بىر پارچىسىنى زوراخانغا سۇندى. ئاندىن قىسقا دۇئادىن كېيىن مېھمانلار بىزگە بەختلەر تىلەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئاياللار كېلىنچەكنى ئېلىپ ئاياللار ئولتۇرغان ئۆيگە چىقىپ كېتىشتى، قالغان ياشقا چوڭ مېھمانلار ئەتە يەنە تويغا كېلىشكە ۋەدە قىلىپ خوشلاشتى، ياشلار بولسا تاكى كەچ چۈشكىچە، سۇناي، غېجەك، ساتار، تەمبۇر، دۇتار ۋە داپلارنى چېلىپ ئۇسسۇل ئويناپ ئولتۇرۇشتى. توي شۇ تەرىقىدە بىر ھەپتىگىچە داۋاملاشتى. كوچا- كويلاردىن ناخشا- مۇزىكىنى ئاڭلىغان چاقىرىلمىغان مېھمانلار، يەنى دىۋانىلەرمۇ ئىشىك ئالدىغا يىغىلىپ كەتكەندى. بىزمۇ ئۇلارنىڭ قاچىسىنى قۇرۇق قايتۇرمىدۇق، چۈنكى ئاللامۇ كەمبەغەللەرنىڭ دۇئاسىنى ئاڭلايدۇ ئەمەسمۇ، ئۇلار بىزنىڭ بەخت- سائادىتىمىز ئۈچۈن دۇئا قىلىپ تۇرىدۇ.

سىز بەلكىم مەندىن بىزنى بۇ بىر ھەپتىدە نېمە ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغاندۇ دەپ ھەيران قېلىشىڭىز مۇمكىن. بىز يېدۇق، ئىچتۇق، تاماكا چەكتۇق، پاراڭلاشتۇق، ناخشا - مۇزىكا ئاڭلىدۇق، ئۇسسۇل ئوينىدۇق ياكى باشقىلارنىڭ ئۇسسۇلىنى كۆردۇق. ئاخىرىدا بىز دالىغا چىقىپ ئوغلاق تارتىشىش پائالىيىتى قىلدۇق. بىرىنچى كۈنى قېيىنئاتام 50 يامبۇ (سەر 50 = 1750 پۇل) چىقاردى. ئىككىنچى كۈنى تاغام ئۇنىڭ ئىككى ھەسسىسىچىلىك پۇل چىقاردى. پۈتۈن شەھەردىكى ياشلار ۋە ئەڭ ياخشى ئاتلار شەھەرنىڭ شىمالىدىكى بۇ كونا دەريا بويىغا توپلانغانىدى. بۇ ئويۇندا ئاتلىق بىرەيلەن بوغۇزلانغان ئوغلاقنى بىر قولى بىلەن تۇتۇپ ئات بىلەن چاپىدۇ، قالغانلار ئوغلاقنى ئۇنىڭدىن تالىشىپ ئاتلىق قوغلايدۇ، ئەگەر كىمكى ئۇنى تۇتۇۋالسا، كېلەر قېتىم باشقىلار ئۇنى قوغلايدۇ.

توي ئاخىرلاشقاندا كېلىنچەكنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ ئۆيگە يۆتكەپ قويىدۇ، ھازىر كىشىلەر بۇ خىل ئورۇندۇقنىمۇ ئىشلەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. تويىنىڭ سەككىزىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن، كېلىنچەك دۇخاۋىدىن بېزەلگەن ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇلۇپ، مالايلار ئۇنى كۆتۈرۈپ، دادامنىڭ قورۇسىغا ئېلىپ كەلدى. قورۇدا مۇزىكا چېلىنىپ، پۈتۈن كوچا قايناپ- تاشقىنلىققا چۆمگەنىدى. دەرۋازا ئالدىدا دادام ۋە ئۆگەي ئاناملار بىزنى كۈتۈۋالدى ۋە ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان ھۇجرىمىزغا باشلاپ كىردى. بىزدە ئوغۇللار توي قىلغاندىن كېيىن يەنىلا چوڭ ئۆيدە تۇرىدىغان بولۇپ، شۇ تەرىقىدە ئوغۇللار، كېلىنلەر، نەۋرىلەر بىر قانچە ئەۋلاد بىر ئائىلىدە ياشاپ، كونا ئاتلىق ئورۇقنى گۈللەندۈرۈپ ئۆتىدۇ.

مەن بىرەر ئايدىن كېيىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە تاغامنىڭ سودا ئىشىنى بېجىرگىلى مېڭىشىم مۇمكىن، بەلكىم بىرەر يېرىم يىلغىچە قايتىپ كېلەلمەسلىكىممۇ مۇمكىن. شۇڭا خەت- ئالاقىمىزنىڭ بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن. سىز ھەر دائىم مېنىڭ ئەڭ يېقىن ۋە ئەڭ قىممەتلىك دوستۇم، قايتىپ كەلگەندە كۆرۈشەيلى.

ھىجرىيە 1333 - يىلى، ئارا ئاينىڭ 29 - كۈنى، كاشغەر.

شۋېت تىلىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: زۇلھايات ئۆتكۈر

# پانتوسوف خاتىرىلىگەن ئۇيغۇر قىز - يىگىتلىرىنىڭ پوتا ئويۇنىدا ئېيتىلىدىغان بېيىتلىرى



پوتا ئويۇنى ــ شىنجاڭدىكى ھەرقايسى يۇرتلاردا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىر قەدەر كەڭ تارقالغان خەلق سەنئىتى شەكىللىرىدىن بىرى. جۈملىدىن، ئىلىدا مەشرەپ پائالىيەتلىرىدە قىز - يىگىتلەرنىڭ بىر - بىرىگە پوتا ياكى گۈل چاي تۇتۇپ، بېيىت ئېيتىپ كۆڭلىنى ئىزھار قىلىدىغان ئىش بۇرۇندىن داۋاملىشىپ كەلگەن. 19 - ئەسىرنىڭ يېرىمىدا بۇ بېيىتلار رۇسىيەلىك تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ بىر قىسمى ئۇلار تەرىپىدىن خاتىرىگە ئېلىنغان.

تۆۋەندە بېرىلگەن بۇ بېيىتلار رۇسىيەلىك شەرقشۇناس، ئىنسانشۇناس، تارىخچى نىكولاي نىكولايېۋىچ پانتوسوف (1909 ـ 1849) تەرىپىدىن ئىلى رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا توپلانغان بولۇپ، ئاپتورنىڭ «ئىلى تارانچى دىيالېكتى تەتقىقات ماتېرىياللىرى» ناملىق بىر يۈرۈش كىتابچىسىنىڭ 8 - قىسمى سۈپىتىدە نەشر قىلىنغان. بۇ كىتابچىنىڭ ئۇيغۇرچە باش قىسمى يۇقىرىسىغا «بۇ بابتا قىز - جۇۋانلار، يىگىتلەر مەجلىس قىلىشىپ، بىر - بىرىگە پوتا سالىپ، بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلماق ئۈچۈن شېرىن سۆزلەر بىلەن بىر - بىرىگە ئېيتقان بېيىتلىرى»، ئوتتۇرىسىغا «نىكولاي پانتوسوفنىڭ سەئى ۋاھەتمامى بىرلە تەبئى قىلىنىپ چىققان كىتاب تۇرۇر» دەپ يېزىلغان. تۆۋەن تەرىپىگە قازان شەھىرىدە مەتبەئە دارىلئۇلۇم ۋە ئەلفۇنۇندا ھىجرىيە 1325 - يىلى، مىلادى 1907 - يىلى بېسىلغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

بۇ كىتابچىغا 43 پارچە بېيىت كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بېيىتلارنىڭ چاغاتايچە يېزىقتىكى ئەسلىي نۇسخىسى، سىلاۋيان يېزىقىدىكى ترانسكرىپسىيەسى ھەمدە ئاپتورنىڭ بۇ ھەقتىكى رۇسچە تەتقىقات نەتىجىسى بېرىلگەن. مەن بۇ كىتابچىنىڭ پ د ف (pdf) نۇسخىسىنى گوللاندىيە لېيدەن ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى پروفېسسور، دوكتور ئۇۋە بلەسىڭ (Uwe Blaesing) ئەپەندىدىن كۆچۈرۈۋالدىم. بۇ بېيىتلارنىڭ ئەينى زامانىدىكى تىل ئالاھىدىلىكىنى ساقلىغان ئاساستا كىتابخانلارنىڭ دىققىتىگە سۇنۇشنى لايىق تاپتىم.

كىتابچىدىكى بېيىتلار توپلىنىپ، نەشر قىلىنغاندىن ھازىرغا قەدەر بىر ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتتى. بۇ بېيىتلار بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلارنىڭ مول فولكلور مەدەنىيىتىنى قايتا گەۋدىلەندۈرۈشتىن باشقا، ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدىمۇ نۇرغۇن ئۇچۇرلارنى يەتكۈزىدۇ. جۈملىدىن بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيەسى، بەزى تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرى، شۇنىڭدەك ئەينى چاغدىكى يېزىقنىڭ ئىملا قائىدىلىرىگە ئائىت بىلىملەرنى ئىگىلەشتە بەلگىلىك ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

بۇ نۇسخا بېيىتلارنىڭ ئەسلىي چاغاتايچە نۇسخىسى ۋە پانتوسوفنىڭ سىلاۋيان يېزىقىدىكى ترانسكرىپسىيەسىنى سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا تەييارلاندى ھەمدە بىر



قىسىم سۆزلەرگە ئىزاھات بېرىلدى.

**يىگىتلەرنىڭ قىزلارغا ئايتقان بەيىتلەرى**

1. ئاي يۈزلەرى گۈل، لەبلەرى غۇنچە،
غۇنچە گۈل ئىمەس ئاچىلماغۇنچە.
بولمايدۇر كىشىنىڭ مۇرادى ھاسىل،
كۆڭلىدەكى يارى بولماغۇنچە.

**قىزلارنىڭ يىگىتلەرگە ئايتقان شىرىن بەيىتلەرى**

2. تام باشىدا ئولتۇرۇرلار شوخى بويلۇق شۇل يىگىت،
ئالما بەرسەم ئېرىمەيدۇر، بار بويى ئالتۇن يىگىت.
بار بويى ئالتۇن يىگىتنىڭ سۇرىتى سۇلتانچە بار،
ئاي يۈزىگە خال تۈشىبدۇر، يەڭى ئۈزگەن گۇلچە بار.

**يىگىتلەر قىزلارغا پوتا سالىپ، ئايتقان شىرىن سۆزلەرى**

3. ئاي بىرلە شەمس ئولتۇرۇر كۆل ياقاسىغا،
كۆلدىن ئالىپ يۈزىنى يۇدى سۇ ياقاسىغا.
ئاھ دىپ ئىلكىنى① تۇتسام قىزنىڭ ئاچىغى كېلۇر،
قونماسمەن چىبىن شىرنە شەكەر ئاراسىغا.
قىزلار يىگىتلەرگە پوتا سالىپ، بۇ بەيىتنى ئايتادۇر

4. تىشلىك② يۇمچە③سۇپەتلىك ئاق تۇرادۇر،
لەبىڭنىڭ تاتلاغى تىلنى يارادۇر.
قاشىڭ قازى بولۇپ يۈرتنى سورايدۇر،
كۆزۈڭ ئويناپ تۇرۇپ جاننى ئالادۇر.

**يىگىتلەر قىزلارغا ئايتقان تاتلىغ سۆز، شىرىن بەيىتلارى**

5. سەنى ھەر كۈندە مىڭ كۆرگۈم كىلەدۇر،
قۇچاقىمغا ئېلىپ سۆيگۈم كىلەدۇر.
سەنىڭ بىرلەن مۇدەم④ يۈرگۈم كىلەدۇر،
ماڭا بىر باقماساڭ ئۆلگۈم كىلەدۇر.

**قىزلارنىڭ يىگىتلەرگە ئايتقان شىرىن سۆزلەرى**

6. سۆي مەنى، جانىم، سۆي مەنى سەن، مەن سەنىڭكى بولاي،
بۇزما كۆڭلۈڭنى، نىگارىم، ئۆلگۈنچە قۇلۇڭ بولاي.
باغدا چوكان⑤ سارغارىبدۇر، يار سارغاتتى مەنى،
ئۆزى ئوتلۇق، كۆزى چوغلۇق زار يىغلاتتى مەنى.
زار-زار يىغلايدۇ دىپ ئايتىڭلا يارىمغا مەنى،
ئۆچكۇسۇز ئوتلارنى سالدى خەستە جانىمغا مەنى.
خەستە جانىم ساقايارمۇ بۇ دارۇ-دەرمان بىلە،
ئىكى ئاشىق ئايرىلۇرمۇ ئاقىبەت ئارمان بىلە.

**يىگىتلەرنىڭ قىزلارغا پوتا سالىپ، ئايتقان تاتلىغ-شىرىن سۆزلەرى**

7. تار كۆچەدىن چىقتى يارىم زۇلپىنى تولاپ⑥،
ئاستا-ئاستا سالام قىلۇر كۆڭلۈمنى ئولاپ⑦.
بىزدىن بەتەر ئاشىق ئىكەن ئولتۇرۇر يىغلاپ،
يىغلىماڭ دىپ بەزلەپ قويدۇم ئىلكىنى ئۇشلاپ⑧.
يىغلاما قىز، يىغلاما قىز، تاڭلا⑨ كىلۇرمىز،
ئىكى قۇتا يۇمچە-مارجان ئالغاچ كىلۇرمىز.
ئىكى قۇتا يۇمچە-مارجان تويۇڭغا تۇرسۇن،

① ئىلىك ــ قول؛ ② تىش ــ چىش؛ ③ يۇمچە ــ ئۈنچە؛ ④ مۇدەم ــ ھەر ۋاقت؛ ⑤ چوكان ــ چوكانتال؛ ⑥ تولاپ ــ تولغاپ؛ ⑦ ئولاپ ــ ئوۋلاپ.

ئىككى قايرىپ، بىر سۆيگەنىم كۆڭلۈمدە تۇرسۇن.

**قىزلارنىڭ يىگىتلەرگە ئايتقان شېرىن- تاتلىق سۆزلىرى**

8. مۇندا كەلىپ ئانار سۈپەت يىگىتنى كۆردۈم،
بىر باقىبان ئىكىنچىدە كۆڭۈل ئالدۇردۇم.
قايسى باغنىڭ گۈلى سىز دېپ ئاتىڭىز سوردۇم،
ئوتىڭىزغا چىدالمايىن قان يىغلاپ يۈردۇم.

**يىگىتلەرنىڭ قىزلارغا ئايتقان شېرىن سۆزلىرى**

9. گۈل تەرىدىم كۆرسەلەر، ئۇسما تەرىدىم كۆرسەلەر،
بىر سىقىم ئۇسما بەرەي، بوينۇم قۇچاقلاپ سۆيسەلەر.

قىزلارنىڭ يىگىتلەرگە پوتا سالىپ، شېرىن سۆز بىرلە بەيىت ئايتقانى

10. ئىشىك ئاچىپ تۆرگە باقتىم، تۆردە بىر ئاي ئولتۇرۇر،
قاشلارى قىيغان قەلەمدەك، كۆزلەرى نار ئولتۇرۇر.
ساچلارى بەلگە تۇشىپدۇر، بەللەرى بىر قىل (چە) يوق،
مەيلىمىز سىزگە تۇشىپدۇر⑩، ئۆزگەلەر بىر پۇلچە يوق.

**يىگىتلەر قىزلارغا پوتا سېلىپ شېرىن سۆزلەر بىرلە بەيىت ئايتقانى**

11. ئالتۇندىن ئارىغ⑪ قارا قاشىم ئوينايدۇر،
زالىم قارا كۆزۈمنى مۇدام قىينايدۇر.
قىيىن قىيناغالى قاراڭغۇ زىندان ياخشى،
ئويناشقالى ھەم باغ بىلە بوستان ياخشى.

**قىزلار يىگىتلەرگە پوتا سىلىپ شېرىن سۆزلەر بىرلەن بەيىت ئايتقانى**

12. تام باشىدا ئولتۇرۇپسىز قەددى شەمشادلىغ يىگىت،
ئاغزىدىن شەربەت ئاقادۇر، شەربىتى تاتلىغ يىگىت.
لەبلەرىنىڭ غۇنچەسىدىن بىر گۈلنى ئۈزمەدىم،
سىزگە بۇ كۆڭلۈم تۇشۇبدۇر ئۈمىدىمنى ئۈزمەدىم.

ياش يىگىتلەر قىزلارغا شېرىن سۆزلەرنى قىلىپ پوتا سالغانى

13. پاكا- پاكا ئالما شاخى بويلاشقالى ياخشى،
سىز ھەم كىچىك، مەن ھەم كىچىك ئويناشقالى ياخشى.

چوڭ قىزلار كىچىك ياش يىگىتلەرنى ئۆزىگە خىل كۆرمەي پوتا سالىپ، تەنە قىلىپ ئايتقان بەيىتلەرى

14. ئوچاغىم باشى ئويمان،
بۆركۈڭىز⑫ قىيىق قويماڭ.
مەن سىزنىڭ خىلىڭىز ئەمەس،
خىلىڭىزنى تاپىپ ئويناڭ.

كىچىك يىگىتلەرنىڭ چوڭ قىزنى تەنە مەلامەت قىلىپ پوتا سالىپ، ئايتقان بەيىتلارى

15. كىچىككىنە چىلگەمنى پىچىپ بەرسەم يەرسىز،
تۆردىكىنى چوڭ دېپ، مەنى كىچىك دەرسىز.
ئويناشقاندا ئىكىمىز يىغلاتۇرمەن سىزنى،
ئاستانىمغا ⑬ باسقاندا ئاكام دەرسىز بىزنى.

**قىزلار يىگىتلەرگە پوتا سالىپ، شېرىن سۆزلەر بىرلە ئايتقان بەيىتى**

16. باغۋەن باغقا قاراڭ، ئالماڭنى خەقلەر ئالماسۇن،



⑧ ئۇشلاپ ــ تۇتۇپ، سىلاپ؛ ⑨ تاڭلا ــ ئەتە، يېقىندا؛ ⑩ تۇشمەك ــ چۈشمەك؛ ⑪ ئارىغ ــ پاكىز، قىممەتلىك؛ ⑫ بۆرك ــ بۆك؛ ⑬ ئاستانىم ــ ئاستىم.



باغقا كىرگەن ياخشىلار گۈلنى قىسالماي قالماسۇن.
گۈلنى قىسساڭ تازا قىس، بەرگىدە غۇنچە قالماسۇن،
يارنى سۆيسەڭ تازا سۆي، ئىچىڭدە ئارمان قالماسۇن.

**يىگىتلەر قىزلارغا پوتا سالىپ، شېرىن سۆزلەر بىرلەن بەيت ئايتقانى**

17. كۆيدۈرۈپ كۈل قىلدىڭىز،
ئىشقىڭىدا بۇلبۇل قىلدىڭىز.
بۇ سەنىڭ شېرىن سۆزۈڭگە،
ئۆلگۈچە قۇل قىلدىڭىز.

**قىزلار يىگىتلەرگە پوتا سالىپ، شېرىن سۆزلەر بىرلەن بەيت ئايتقانى**

18. ئاق تونۇڭنى نىگە كىيدىڭ. نىمچە گۈلنارىڭ تۇرۇپ؟
يانىمىزغا نىمە كەلدىڭ، غۇنچەدەك يارىڭ تۇرۇپ؟

**يىگىتلەر قىزلارغا پوتا سالىپ، شېرىن سۆز بىلەن بەيت ئايتقانى**

19. لەئىل ھەم مارجاننى ئالدىم، قىزلار كۆڭلى بول-
غايمۇ دىپ،
راست كۆڭلۈم سىزگە بەردىم، مېھرىبان بولغايمۇ دىپ.
مېھرىباندۇر ئۆزلەرى، شېرىن شەكەردەك سۆزلەرى،
ھەم گۇناھىمدىن ئۆتەرگە پادىشاھدۇر ئۆزلەرى.

**قىزلار يىگىتلەرگە پوتا سالىپ، شېرىن سۆز بىرلەن بەيت ئايتقانى**

20. باغدا بادام پىشىپدۇر،
ئۆيگە مېھمان تۈشىپدۇر.
مېھمان بىرلە ئىشىم يوق،
سىزگە مەيلىم تۈشىپدۇر.

**يىگىتلەر قىزلارغا پوتا سالىپ، شېرىن سۆز بىرلەن بەيت ئايتقانى**

21. يېڭى ئاي چىقتى سەپىلىنىڭ باشىغا،
ئىتەكىم تولدى كۆزۈمنىڭ ياشىغا.
ئاشىق بارسا شۇل ئاينىڭ قاشىغا،
گۈل سۇپەت تاج كىيىلەر باشىغا.

**قىزلار يىگىتلەرگە ئايتقان شېرىن-تاتلىغ سۆزلەرى**

22. ئىشىكىڭدىن مەن ئۆتەرمەن گۈل زاراڭزا تەرگەلى،
گۈل زاراڭزادۇر بەھانە ئاي يۈزۈڭنى كۆرگەلى.
ئاي يۈزۈڭ كۆرگەن زاماندا لەبلەرىڭگە سۆيگەلى،
سىزلەدىك چەندان يىگىتنى بىر يولى كۆيدۈرگەلى.

**يىگىتلەر قىزلارغا پوتا سالىپ، شېرىن سۆزلەر بىرلەن ئايتقان بەيتلارى**

23. سىزنى ياد ئەيلەپ تاڭ ئاتقۇچە يۈرۈرمەن كېچەلەر،
ئۇخلاماي ئاغرىق كىشىدەك ئىڭرەنۇرمەن كېچەلەر.
ئاخشامدىن سۇبھىكە ئويغاق تۇرۇرمەن كېچەلەر،
ئوتقا تۈشكەن قىل مەسەللىك تولغانۇرمەن كېچەلەر.

**قىزلار يىگىتلەرگە پوتا سالىپ، شېرىن سۆزلەر بىرلەن بەيت ئايتقانى**

24. كېچەسى يۇلدۇز ساناپ، ھېچ بارمۇ يارىڭ پەيداسى،
كېچەسى بولسا ئۇيقۇ يوق، كۈندۈزدە يارىڭ قاي-

غۇسى.
گۈلى رەيھاندەك پۇرار يارىم ئىبەرگەن ئالماسى.
چۈن تېپىلسا سۇرمە قىلسام كۆچەدە باسقان ئىزى.
**يىگىتلەر قىزلارغا پوتا سالىپ، شىرىن سۆزلەر بىرلە**
**بەيىت ئايتقانى**
25. قىز بىرلە يىگىت پوتا سالىپ ئويناشالى،
كۆڭىل ئالاشىپ، ئاقچا بەرىپ تويلاشالى.
سىزدەك غۇنچەنى ئاتام ئىلىپ بەرسە ماڭا،
هوجراغا كىرىپ ئىشىك تاقاپ ئويناشالى.
**قىزلار يىگىتلەرگە پوتا سالىپ، شىرىن سۆز بىرلەن**
**بەيىت ئايتقانى**
26. ئاي يارىم، تاڭلا كەلىڭ، تاڭلا تالڭ ئاتقاندا
كەلىڭ،
ئۆزۈم ئايۋاندا ياتارمەن، ئالمالىغ باغقا كەلىڭ.
ئالمالىغ باغنىڭ ئىچىدە سارغارىپدۇر بىر پوتاق،
ئوڭ يانىمدا ئوت كۆيەدۇر، سول يانىمدا ئىشتىياق.
ئىشتىياقتا باقا-باقا هىچ ماجالىم قالمادى،
رو چىبىندەك سارغارىپ ئۇچارغا هالىم قالمادى.
رو چىبىن بولسا كىشى ئۇچسا قاناتى سوزۇپ،
راست سۆزۈڭنى ماڭا قىلغىل مەن كەتەي ئۈمىد
ئۈزۈپ.
**يىگىتلەر قىزلارغا پوتا سالىپ، شىرىن سۆز بىرلەن**
**بەيىت ئايتقانى**
27. بويىڭىزنىڭ تۈزۈلۈكنى زىبا تەرەككە ئوخشا-
تاي،
كۆزۈڭىزنىڭ سۈزۈكنى نەي ئۈزۈمگە ئوخشاتاي.
نەي ئۈزۈمنىڭ نەچە تۈرلۈك سۈيى بار،
مەن پەقىرنىڭ سىزدىن ئۆزگە كىمى بار.
**قىزلار يىگىتلەرگە پوتا سالىپ، شىرىن سۆز بىرلەن**
**بەيىت ئايتقانى**
28. تال ئىچىدە تاللاپ ئالدىم تالى چوكانىم سەنى،
گۈل ئىچىدە گۈللەپ ئالدىم گۈلى سەبدەرىم سەنى.
بارچە ئادەم ئايتادۇركى قايدىن ئالدىڭ سەن مۇنى،
خۇدايغا نالە ئەيلەپ تىلەپ ئالغان مەن مۇنى.
**يىگىتلەر قىزلارغا پوتا سالىپ، شىرىن سۆز بىرلەن**
**بەيىت ئايتقانى**
29. تام باشىدا ئىكى پاختەك مايسا چايناپ تۇرادۇر،
ئۆزى ئاق، كۆڭلى قارانىڭ كۆزى ئويناپ تۇرادۇر.
ئۆزى ئاق، كۆڭلى قارا، خۇش هەم ئىزا قىلدىڭ
ماڭا،
قىلغانىڭ كۆڭلۈڭدە تۇرسۇن، مەنمۇ قىلغايمەن
ساڭا.
**قىزلار يىگىتلەرگە پوتا سالىپ، شىرىن سۆزلەر بىرلەن**
**بەيىت ئايتقانى**
30. سۇنىڭ سۈزۈكى مۇندا تۇرۇپ، بارىپ ئىچەر-
سىز لايىنى،
ئۆلمەسەك بىز هەم كۆرەرمىز تاللاپ ئالغان يارىنى.
تاللاپ ئالغان يارىڭىز هەم خۇشمۇ ئوبدان يار
ئىكەن،
ئالدىمىزدا سۇ قۇيالماس، سۇرىتى ئادەم
ئىكەن.**يىگىتلەر قىزلارغا پوتا سالىپ، شىرىن سۆز**
**بىرلەن ئايتقان بەيىت**
31. ئاقىنە كۆڭلەك كىيىپسىز، ئاق تىكەنلەر ئىلما-
سۇن،
ئىكىمىز ئاشىق بولالىن، خەلقئالەم تۇيماسۇن.
خەلقئالەم تۇيسا تۇيسۇن، ۋەدە يالغان بولماسۇن،
ۋەدىسىگە تۇرماغان ئەسلى مۇسۇلمان بولماسۇن.
**قىزلار يىگىتلەرگە پوتا سالىپ، شىرىن سۆز بىرلەن**
**بەيىت ئايتقانى**
32. مۇندا بىر يىگىتنى كۆردۈم ماهى تاباندۇر
يۈزى،
يەتتە ئىقلىمنىڭ باهاسدۇر ئانىڭ ئىكى كۆزى.
قامەتى شەمشادقا ئوخشايدۇر، چىرايى نەستەرىن،
قەنت شەكەردىن لەزىزراقدۇر ئانىڭ قىلغان سۆزى.
**يىگىتلەر قىزلارغا پوتا سالىپ، شىرىن سۆزلەر بىرلەن**
**بەيىت ئايتقانى**
33. بىر كۆرۈپ هەسرەتتە قالدىم سىز پەرى رۇخ-
سارىنى،
ئىكى كۆرسەم دىپ تىلەرمەن سۈمبۈلى گۈلنارىنى.
ئۈچ كۆرۈشكەندە بولۇر يۈزۈڭدە خالىڭ جانغا
داغ،
تۆرت كۆرۈشكەندە سالۇرمەن خەنجەرى تەييارىنى.

---

⑭ جالا ـــ چاچقا ئۇلىنىدىغان يالغان چاچ؛ ⑮ شاشماق ـــ ئازماق.

**قىزلار يىگىتلەرگە پوتا سالىپ، شېرىن سۆز بىرلەن بەيىت ئايتقانى**

34. يۈزۈڭ گۈل غۇنچەسىدەك، قامەتىڭ سەرۋە خىرامانىدەك،
تىلىڭ تاتلىغىنىڭ لەززەتىدۇر ئابى ھاياتىدەك.
قاشىڭنى يا قىلىپ، كىرپىك ئوقۇڭ ئاتتىڭ يۈرەكىمەگە،
مەنى پەرۋانەدەك كۆيدۈردى ئىشق شەمئى شەبىستانىدەك.

**يىگىتلەرنىڭ قىزلارغا پوتا سالىپ، شېرىن سۆز بىرلەن بەيىت ئايتقانى**

35. قىزىل گۈلدەك بولۇپ ئۆيدىن چىقىپ كۆيدۈردىڭىز بىزنى،
تاۋار تونىنى كىيىپ، جىلۋە قىلىپ ئۆلتۈردىڭىز بىزنى.
جالا سالىپ، ساچىڭغا ئىشق دامىغا ئىلىندۇردۇڭ،
جاھاندا كۆرمەدىم مەن سىز سۈپەتلىك نازىنىن قىزنى.

**قىزلار يىگىتلەرگە پوتا سالىپ، شېرىن سۆزلەر بىرلەن بەيىت ئايتقانى**

36. تاغداكى چوغلۇق ئاچىلغانىدەك قىزارىپ يۈزلەرى،
مەي ئىچىپ مەست بولغان ئادەمدەك خۇمارىپ كۆزلەرى.
ئىشق تارىنى يۈرەكىمگە سالىبان تارتارسىز،
ئىشقىڭىزدا كۆيدۈرۈپ بىلمەس بولۇرسىز ئۆزلەنى.

**يىگىتلەر قىزلارغا پوتا سالىپ، شېرىن سۆز بىرلەن بەيىت ئايتقانى**

37. جان ئالغالى جانانە بولۇبان كىلەدۇر قىز،
يىگىت دىلىغا بىر باقىبان ئوت سالادۇر قىز.
قىزلارغا ئەگەر ئاقچا كەرەك بولسا بەرۈرمىز،
ئاقچا كەرەك ئىرمەس دىپ، كى جانىمنى ئالادۇر قىز.

**قىزلار يىگىتلەرگە شېرىن سۆز بىرلەن بەيىت ئايتقانى**

38. پوتا سالاي يىگىتكە دىپ پوتامنى ئەشىپ مەن،
ئاي يۈزۈڭنى بىر كۆرۈپ بۇ ئەقلىمدىن شاشىپ⑮ مەن.
پەرۋانەدەك ئوتۇڭغا ئۇرۇپ ئۆزىنى كۆيدۈرۈپ،
يۈرەك قايىنار قازانىدەك، قايىنار، قايىنار تاشىپ مەن.

**يىگىتلەر قىزلارغا پوتا سالىپ، شېرىن سۆز بىرلەن بەيىت ئايتقانى**

39. ئايدەك يۈزۈڭىزگە جانىنى پىدا ئەيلەرمەن،
شېرىن سۆزىڭىزگە جانى جەھانىم بەرىمەن.
كۆڭلۈمنى مەنىڭ خۇش ئەتسەڭىز، ئەي يارىم،
مىلك جان بار ئىسە، بارچەنى سىزگە بەرىمەن.

**قىزلار يىگىتلەرگە پوتا سالىپ، شېرىن سۆز بىرلەن بەيىت ئايتقانى**

40. قىزىل تونۇڭىز خوش ياراشىپدۇر سىزگە،
پونانى سالىپ تولا قارايسىز بىزگە.
قۇرۇق قاراغان بىرلە ئاچىغى كەتكەيمۇ،
بىر تۆھپە بەرىڭ مەيلىڭىز بولسا قىزغا.

**يىگىتلەر قىزلارغا پوتا سالىپ، شېرىن سۆز بىرلەن بەيىت ئايتقانى**

41. قىزىل تونۇمىز كۆيدۈرەدۇر قىزلارنى،
قوي ئۆلتۈرۈبان مىھمان ئەتەي سىزلەرنى.
گەر لۇتفى قىلىپ كەلسەڭىز ئۆيگە، ئەي جان،
بىر بۆسە بەرىپ ⑯ شاد ئەتىڭ بىزلەرنى.

**قىزلار يىگىتلەرگە پوتا سالىپ، شېرىن سۆزلەر بىرلەن بەيىت ئايتقانى**

42. قىزلارغا باقىپ تەلمۈرەسىز، بوز يىگىتىم،
قىز ئارقاسىدىن تېز كىلەسىز، بوز يىگىتىم.
خەقنىڭ يوقىدا خالى تاپىپ ئويناشالى،
ئۇل ۋاقتىدا بىزنى بىلەسىز، بوز يىگىتىم.

**يىگىتلەر قىزلارغا پوتا سالىپ، شېرىن سۆز بىرلەن بەيىت ئايتقانى**

43. بىز پوتا سالىپ، ئويناتامىز قىزلارنى،
ھەم نەشە ⑰ بەرىپ سۆزلەتەمىز قىزلارنى.
ھەر قىسمى ئويۇنلارنى قىلىپ قىزلارغا،
ئۆز مەيلى بىرلە سۆيدۈرىمىز قىزلارنى.

توپلىغۇچى: **نىجات سوپى**
(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىل-ئەدەبىياتى پەنى پوستدوكتور بەن تەتقىقات كۆچمە پونكىتى)

⑯ بۆسە بەرمەك — سۆيمەك؛ ⑰ نەشە — خۇشاللىق، شادلىق.



# كېسەل ئېشى ۋە ئۇنى تەييارلاش ئۇسۇلى

نۇرنساخان مەتسدىق

ئىنسانلار ھاياتىدا ھەر خىل كېسەللەرگە دۇچار بولىدۇ، شۇنداقلا داۋالىنىش ئارقىلىق يەنە كۆپ سانلىق كېسەللەر ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. لېكىن ئۇزاق مۇددەت كېسەل ئازابى تارتقان كىشىلەرنىڭ تېنى ئاجىزلايدۇ. شۇ سەۋەبتىن خالىغان تاماقلارنى يەپ ھەزىم قىلالمايدۇ. شۇڭا ئۇلارغا بەدەنگە ئاسان قوبۇل قىلالايدىغان تائاملارنى بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا مۇشۇنداق ھەر خىل كېسەللەرگە نىسبەتەن ئوخشاش بولمىغان تاماق تۈرلىرىنى تەييارلاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، تائام مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

### ئۇماچ

بىمارلارغا تەييارلىنىدىغان ئۇماچ خاس ئاق چامغۇر، پىننە سېلىپ سەل سۇيۇقراق تەييارلىنىدۇ. بۇ ئاشنىڭ تەبىئىتى مۆتىدىل بولۇپ، بۇنداق ئۇماچ ئۇزاق مۇددەت كېسەل ئازابى تارتىپ ئاستا - ئاستا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىغان، ھەزىم قىلىشى ناچار، قۇۋۋەتلىك تائاملارنى سىڭدۈرەلمەيدىغان كېسەللەرگە تەييارلىنىدۇ. ئۇماچ ئاش ئاسان ھەزىم بولغاچقا ئەجدادلىرىمىز ھەر خىل ئېغىر كېسەللەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن ئۇماچ تەييارلاش ئۇسۇلىنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان.

### شوۋىگۈرۈچ

شوۋىگۈرۈچنىڭ تەبىئىتى سوغۇق بولۇپ، ئىسسىقى ئېشىپ كېتىش سەۋەبىدىن، يەنى ئۇزاق مۇددەت كېسەل ئازابى تارتقان بىمارلار ئۈچۈن تەييارلىنىدۇ. بۇنداق شوۋىگۈرۈچكە ئاز مىقداردا يېسىۋىلەك، تۇرۇپ سېلىنىدۇ. ئەگەر كېسەلنىڭ ئەھۋالى تازا ناچار بولمىسا ئاز مىقداردا ئۆي قۇشلىرىنىڭ گۆشىنى سېلىۋەتسىمۇ بولىدۇ، بۇنداق شوۋىگۈرۈچ ئاساسەن بەدىنىگە ئىششىق پەيدا بولغان، چوڭ - كىچىك تەرىتى قىيىنلاشقان، ياشانغان بىمارلارغا كۆپرەك بېرىلىدۇ. ئەگەر بىمارنىڭ پۈتۈن بەدىنى ئىششىغان، چوڭ - كىچىك تەرىتى توختىۋالغان بولسا يېشىل ماش، سەۋزىنى كۆپرەك سېلىپ تەييارلىنىدۇ. ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئىسسىقى ئېشىپ كېتىشتىن بولغان بىمارلارغا شوۋىگۈرۈچ تەييارلاش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋالغان.

### سۇيۇقئاش

كېسەللەرگە تەييارلىنىدىغان سۇيۇقئاش ئادەتتە ئائىلىلەردە تەييارلىنىدىغان سۇيۇق ئاشتىن پەرقلىنىدۇ. كېسەللەرگە تەييارلىنىدىغان سۇيۇقئاشنىڭ چۆپى قولدا ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ. سۇ، ماي ئىشلىتىلمەيدۇ. ئاز مىقداردا

يېسۋېلەك، ئاق چامغۇر شورپا سۇيىگىلا سېلىنىدۇ. بۇ
خىل ئاشنىڭ تەبىئىتى مۆتىدىل بولۇپ، بۇنداق ئاش
ئۇزاق مۇددەت كېسەل ئازابى تارتقان، ھەزىم قىلىش ئىق-
تىدارى سەل ناچارراق بولغان كېسەللەر ئۈچۈن تەييارلى-
نىدۇ. يەنە تۇغۇتلۇق ئاياللارغىمۇ مۇشۇ ئۇسۇلدا تەييار-
لانغان سۇيۇقئاش بېرىلسە سۈت پەيدا قىلىدۇ ۋە سۈتنى
كۆپەيتىدۇ. ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرمۇش
ئەمەلىيتى جەريانىدا ئېغىر كېسەللەر ۋە تۇغۇتلۇق ئايال-
لارغا مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا تەييارلانغان سۇيۇقئاشنىڭ باب
كېلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن.

## قاپاق ئېشى

بۇ خىل ئاش پىشمىغان خام قاپاقنىڭ ئەت قىسمىنى
ئاساس قىلىپ تەييارلىنىدۇ. يەنى خام قاپاقنىڭ تاش
پوستىنى سويۇۋېتىپ، ئەت قىسمى ئاشقا كۆكتات ئورنىدا
سېلىنىدۇ. بۇنداق ئەت ئۇماچقا سېلىنسىمۇ، سۇيۇقئاشقا
سېلىنسىمۇ بولىدۇ. مەيلى ئۇماچقا سېلىنسۇن ياكى سۇيۇق-
ئاشقا سېلىنسۇن ھەر ئىككىلىسىدە خاس كېسەللەر ئۈچۈن
تەييارلانغان ئاش بولۇشى كېرەك. قاپاق ئېشىنىڭ تەبىئى-
تى سوغۇق بولۇپ، ئىسسىقى ئېشىپ كېتىش سەۋەبىدىن
ئاغرىغان، بەدىنى زەھەرلەنگەن، ئىششىغان، چوڭ -
كىچىك تەرەتى قىينىلاشقان ئېغىر كېسەللەر ئۈچۈن تەييار-
لىنىدۇ. قاپاق ئېشىغا گۆش سېلىنمايدۇ. ئەگەر قىش، ئەتى-
ياز مەزگىللىرىدە قاپاق ئېشى تەييارلاشقا توغرا كەلسە
قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى ياكى قاپاقنىڭ ئىچىدىكى لەشنى
ئۇۋاق توغراپ تەييارلىسىمۇ بولىدۇ، ئەجدادلىرىمىز ناھا-
يىتى بۇرۇنلا قاپاق ئېشىنىڭ بۇ خىل رولىنى بايقىغان ۋە
ئۇنى كېسەل داۋالاشتا ئىشلەتكەن.

## ماش قايناتمىسى

ماش قايناتمىسى خاس يېشىل ماشنى قايىنتىپ پە-
شۇرۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. بۇنىڭغا غول پىياز
ياكى ئادەتتىكى پىيازدىن باشقا نەرسىلەر ئاسان سېلىن-
مايدۇ. ماش قايناتمىسىنىڭ تەبىئىتى سوغۇق بولۇپ،
ئىسسىقى ئېشىپ كېتىش سەۋەبىدىن بولغان كېسەللەر
ئۈچۈن تەييارلىنىدۇ. ئۇنىڭ بەدەندىكى زەھەرنى
ھەيدەش، ئىششىقنى ياندۇرۇش، ھەر خىل تاشقى جا-
راھەتلەرنى ساقايتىش رولىغا ئىگە بولغىنى ئۈچۈن ئەج-
دادلىرىمىز يېشىل ماشنىڭ بۇ خىل رولىدىن ئوبدان
پايدىلانغان، ماش قايناتمىسى ھېلھەم ئائىلىلەردە
كېسەل داۋالاشتا ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە.

(ئاپتور: چىرا ناھىيە چىرا يېزا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتە)

# «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى يېڭى يىللىق سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى

«مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى 2010- يىلى 12-
ئاينىڭ 16- كۈنى ئۈرۈمچىدە يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىش مۇنا-
سىۋىتى بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. سۆھبەت يىغىنىغا
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائى-
مىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى مىجىت ناسىر،
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات- سەنئەتچى-
لەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ھېيتەم ھۇسەيىن، مۇئاۋىن
رەئىس ۋاھىتجان غوپۇر قاتارلىق رەھبەرلەر، ھەرقايسى
گېزىت، ژۇرناللارنىڭ مەسئۇللىرى، فولكلور تەتقىقاتچىلى-
رى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى، ھەرقايسى ئاخبارات
خادىملىرى بولۇپ 100 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى.
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات- سەنئەتچى-
لەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ھېيتەم ھۇسەيىن، مۇئاۋىن
رەئىس ۋاھىتجان غوپۇرلار يىغىندا تەبرىك سۆزى سۆزلى-
دى. «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، ئاتاقلىق
شائىر ياسىن زىلال «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 27 يىللىق
شانلىق مۇساپىسىنى ئەسلەپ ئۆتۈپ مەزكۇر ژۇرنالنىڭ
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى قۇتقۇزۇش، تونۇشتۇ-
رۇش جەھەتتە ئوينىغان ئاجايىپ تارىخىي تۆھپىسىنى يۇقىرى
باھالىدى ھەمدە ژۇرنالنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى
ئۈچۈن كۈچ چىقارغان ئەرشىدىن تاتلىق، ئابلىمىت سادىق قا-
تارلىق پېشۋالاردىن ھازىرغىچە بولغان جاپاكەش مۇھەررىر-
لەرنىڭ خالىس مېھنىتىگە چوڭقۇر تەشەككۈر بىلدۈردى.
كۆپچىلىك ئارقا- ئارقىدىن سۆز قىلىپ «مىراس»
ژۇرنىلىنىڭ نەتىجىلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى.
يىغىنغا «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇ-
ھەررىرى مۇختار مۇھەممەد رىياسەتچىلىك قىلدى.

— ئۆز مۇخبىرىمىز

# ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپىدە «يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىش» ئويۇنى



ئابدۇخېلىل مىرخېلىل

«مەشرەپكە يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىش» ئويۇنى — ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان « 30 ئوغۇل مەشرىپى»نىڭ ئالاھىدە مۇھىم تەرتىپلىرىنىڭ بىرى. «مەشرەپكە يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىش» ئويۇنى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە، كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرى كۈچلۈك، سەنئەت تۈسى قويۇق، ئۇنىۋېرسال سەنئەت پائالىيىتى سانالغان ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ قەدىمىي دەۋرلەردىن بۈگۈنكى دەۋرگىچە يېتىپ كېلىشى ۋە بۈگۈنكى دەۋردىن يەنە يىراق كەلگۈسى دەۋرلەرگىچە داۋاملىشىپ، ئۇيغۇر ھاياتىدا مەڭگۈ بويى كۆرسىتىپ تۇرۇشىدىكى ئاساسلىق ئامىل.

مەلۇمكى، ھەر بىر مىللەتنىڭ ھەرقانداق بىر سەنئەت شەكلى، بولۇپمۇ خەلق ئەدەبىيات-سەنئەت تۈرلىرىگە تەۋە مەدەنىيەت شەكىللىرى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا، ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ، مەزمۇن جەھەتتىن تولۇقلىنىپ، شەكىل جەھەتتىن رەڭدارلىشىپ بىر پۈتۈن سەنئەت گەۋدىسىگە ئايلىنىدۇ.

جۈملىدىن ئۇيغۇر مەشرەپلىرىمۇ خەلق سەنئىتى تۈرىگە مەنسۇپ بولغاچقا، مەشرەپلىرىمىزنىڭ پەيدا بولغىنىدىن تارتىپ ئەجدادتىن-ئەۋلادقا، سورۇندىن-سورۇنغا، دەۋرلەردىن-دەۋرلەرگە كۆچۈپ ئۆلىنىش ئارقىلىق ئادىللىقتىن مۇرەككەپلىككە، تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا، مۇجمەل، مەۋھۇملۇقتىن روشەن جەزبىدارلىققا ئىگە بولۇشىنى ئەينى دەۋرلەردىكى مەشرەپ ئەھلىلىرىنىڭ ھەر بىر مەيدان مەشرەپ ئۆتكۈزگەندە، مەشرەپكە يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىپ، مەشرەپلىرىمىزنىڭ مەڭگۈلۈك داۋاملىششى ئۈچۈن ئۈزۈلمەس ئېقىن سۈپىتىدە يېڭى قان تولۇقلاپ مېڭىشىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

نېمە ئۈچۈن ھەر بىر مەشرەپ ئۆتكۈزگەندە «مەشرەپكە يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىش» مەشرەپنىڭ مۇھىم بىر تەرتىپى بولۇپ قالىدۇ؟ جاۋاب شۇكى بىر مەيدان مەشرەپ تاماملىنىپ، يەنە بىر مەيدان مەشرەپ باشلانغۇچە ئەسلىدىكى مەشرەپ ئەھلىلىرىنىڭ بىر قىسمىلىرى ئۇنداق ياكى مۇنداق سەۋەبلەر بىلەن كەملەپ كېتىشى مۇمكىن. دېمەك مەشرەپ ئىشتىراكچىلىرى «مەشرەپكە يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىش» ئۇسۇلى ئارقىلىق، مەشرەپ ئەھلىنى ئىزچىل تولۇقلاپ تۇرمىسا، مەشرەپتىن ئىبارەت ئۇزاق تارىخقا ئىگە سەنئەت مىراسىمىزنى بۆشۈكىدىلا

ئۇچۇقمايدۇ دەپ كىممۇ ئېيتالايدۇ؟ بۇ نۇقتىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، مەشرەپكە قوبۇل قىلىنغان يېڭى ئەزالار مەشرەپنى داۋاملاشتۇرغۇچى، شۇنداقلا دەۋرلەردىن دەۋرلەرگە ئۇلىغۇچىلاردۇر.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، «مەشرەپكە يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىش» مۇكەممەل قائىدە-يوسۇن، مۇستەھكەم تەرتىپ-ئىنتىزام، شۇنداقلا بەلگىلىك جامائەت ئەخلاقىنى ئۆزىگە ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ.

يەنى شۇ يۇرتتا يېتەرلىك ئەقىل-پاراسەت، ئىنساپ-دىيانەت، غەيرەت-شىجائەتنى هازىرلىغان، ئەل نەزەرىگە چۈشكەن يۇرت ئىشلىرىدا ئادىللىقنى ياقلىيالايدىغان، هالال مېھنەت ئەمگىكى بىلەن ئەل ئۈمىدىنى ئاقلىيالايدىغان ئەزىمەتلەردىن تاللىنىپ، مەشرەپ سورۇنىنىڭ ئۆزىدىلا گەپ-سۆزدىكى چېۋەرلىكى، ھەرىكىتىدىكى چەبدەسلىكى، مەسىلىلەرگە قارىتا ئىنكاسىنىڭ تېزلىكى، بىلىم، ماھارەت، ھۈنەر-كەسىپ جەھەتلەردىن مەشرەپ بەگلىرى تەرىپىدىن مۇزاكىرىگە سېلىنىپ، بارلىق مەشرەپ ئەھلىنىڭ بىردەك قوشۇلۇشى بىلەن مەشرەپنىڭ رەسمىي ئەزاسى قاتارىدا مەشرەپكە ھەقىقىي قوبۇل قىلىنىپ، 30 ئوغۇلنىڭ بىر گۈلى سۈپىتىدە مەشرەپ سورۇنىدىن ئورۇن بېرىلىدۇ.

دېمەك، «مەشرەپكە يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىش» ئۇيغۇر مەشرەپلىرىدە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم تەركىب بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇيغۇر مەشرىپىنى ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشتۇرۇشتىكى ئاساسلىق ئامىل. 30 ئوغۇل مەشرىپىدە «مەشرەپكە يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىش» تۆۋەندىكىدەك شەكىللەردە ئېلىپ بېرىلىدۇ. يەنى مەشرەپنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى ئېلان قىلىنىپ، بارلىق مەشرەپ بەگلىرى ئۆز ۋەزىپىلىرىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، قائىدە بويىچە مەشرەپنى تەرتىپلىك باشلاپ، بىرەر پەس ناخشا-مۇزىكا، ئۇسسۇل، لاپ-كۇلدۇرگە، چاقچاقلار ئورۇندىلىپ بولغاندىن كېيىنكى مۇۋاپىق پەيتتە مىرشاپ قازى بېگى يىگىت بېشىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئەدەپ بىلەن يەكتىز ئولتۇرۇپ تۇرۇپ، دېمەكچى بولغانلىرىنى تۆۋەندىكىدەك بايان ئەيلەيدۇ.

مىرشاپ: ھۆرمەتلىك قازى بېگى، ھۆرمەتلىك يىگىت بېشى رۇخسەت بولسا ھەر بىرلىرىنىڭ سەمىگە سالىدىغان ئىككى شىڭگىل مۇھىم گەپ بار ئىدى.

قازى بېگى: ھە، مىرشاپ گەپ بولسا تارتىنماي ئېيتىۋېرىڭ.

يىگىت بېشى: قېنى، مىرشاپ ئېيتىڭە قانداق مۇھىم گەپتى ئۇ؟

مىرشاپ: قازى بېگى، يىگىت بېشى ھەر بىرلىرىگە ئايان بولسۇنكى، بۈگۈنكى مەشرەپكە مەھەللىمىزنىڭ مۆتىۋەر ئاقساقلى، ئەل ھۆرمىتىنىڭ ساھىبى، مەشرەپ-باراۋەتلىرىمىزنىڭ ئاكتىپ قوللىغۇچىسى جامىكام ئوغلى نۆدەرجاننى 30 ئوغۇلغا قوشۇش مەقسىتىدە ئېلىپ كەپتۇ. ھەر بىرلىرىنىڭ ئىجازىتىگە مۇنتەزىر بولۇپ، سىرتتا ساقلاپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ كىرىشىگە ئىجازەتمىكىن؟

قازى بەگ: (بۇيرۇق ئاھاڭىدا) يىگىت بېشى كىرىشكە ئىجازەت بېرىڭ.

يىگىت بېشى: (جاكار ئاھاڭىدا) جامىكام ئوغلى نۆدەرجاننى ئېلىپ مەشرەپ سورۇنىغا كىرگەي.

ئاتا بالىسىنى يېتىلەپ مەشرەپ سورۇنىغا ئېلىپ كىرىدۇ. ئاتا-بالا ئىككەيلەن قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ تەڭلا سالام قىلىدۇ.

جامى، نۆدەرجان: ئەسسالامۇئەلەيكۇم قازى بېگىم، يىگىت بېشى.

قازى بەگ، يىگىت بېشى: (تەڭلا) ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام. ھە، جامىكا گەپ بارمىدى؟

جامى: ھۆرمەتلىك بەگلىرىم، مەشرەپ بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىي مىراسلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ، كىشىگە ئەدەپ-ئەخلاق، قائىدە-يوسۇن ئۆگىتىدىغان ياخشى سورۇن. شۇڭا مەن ئىختىيارلىقىم بىلەن ئوغلۇم نۆدەرجاننى ھەرقايسىڭلارنىڭ ھەغدارلىقىدا بۈگۈندىن باشلاپ مەشرەپكە تاپشۇردۇم. گۆشى سىلەرنىڭ،



سۆڭگىكى مېنىڭ.

يىگىت بېشى: بولىدۇ، ناھايىتى ياخشى بوپتۇ. جامكا سىزمۇ كۆپ مەشرەپ كۆرگەن ئادەم، مەشرەپكە كىرىشنىڭ قانداق شەرتى بارلىقىنى ئوبدان بىلىسىز. ئوغلىڭىز نۆدەرجان مەكتەپتە ئوقۇغانمۇ؟

جامى: شۇنداق، تولۇق ئوتتۇرىنى تاماملىغان بولسىمۇ، بىراق ئىلىم-ھېكمەت، ئەدەپ-ئەخلاق، قائىدە-يۇسۇن جەھەتلەردە يەنە خېلىلا كەملىك قىلىدۇ. شۇڭا مەشرەپكە قاتنىشىپ، ئادەم بولۇشنىڭ يولىنى تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنىپ، ئەقلى كامىل، ئىشقا قابىل، پەزىلەتلىك ئادىل ئادەم بولۇپ چىقسىكەن دېگەن ئۈمىدتىمەن.

يىگىت بېشى: ئۇنداقتا مەن ئالدى بىلەن ئوغلىڭىز نۆدەرجاندىن مۇنداق ئۈچ سوئال سوراپ باقاي، جاۋاب بېرىپ باقسۇن.

قېنى نۆدەرجان ئاڭلاپ تۇر. «ئادەم بىرەر نەرسە تاللىغاندا كۆز بىلەن كۆڭۈل ئوتتۇرىسىدا كەسكىن تاللاش بولۇپ تۇرىدىكەن. كۆزگە ياققىنى كۆڭۈلگە، كۆڭۈلگە ياققىنى كۆزگە ياقماي قالىدىكەن، ئۇنداقتا كۆز ئىشەنچلىكمۇ، كۆڭۈلمۇ»؟

نۆدەرجان: كور كۆزدىن كۆڭۈل، ئالا كۆڭۈلدىن كۆز ئىشەنچلىك.

يىگىت بېشى: يەنە ئاڭلاپ تۇر ھە. «21-ئەسىردە كومپيۇتېرنى بىمالال ئىشلىتەلمەيدىغانلار ساۋاتسىز ھېسابلىنىدىكەن. ئۇنداقتا كومپيۇتېرنى تېخى كۆرۈپ باقمىغانلار نېمە ھېسابلىنىدۇ؟»

نۆدەرجان: تېخىمۇ كۆپ ساۋاتسىزلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت ھىسابلىنىدۇ.

يىگىت بېشى: ئەمدى ئاخىرقى بىر سوئالنى سوراپ باقاي. «بازاردا قايسى مال كەمچىل بولسا، شۇنىڭ بازىرى ئىتتىك بولىدىكەن. ئەمما بىزدە بىلىم شۇنچە كەمچىل تۇرۇپمۇ، ئۇنىڭ بازىرى كاسات. قانداق قىلغاندا بىلىمنى بازار تاپقۇزغىلى بولىدۇ؟»

نۆدەرجان: نادانلار توزاقلانسا، مەمەدانلار چوماقلانسا، كونىلىق پاچاقلانسا، ئالىملار ئۇلۇغلانسا بىلىم بازار تاپىدۇ تەقسىر.

قازى بەگ: بارىكاللا، بارىكاللا. ناھايىتى جايىدا جاۋاب بولدى. نۆدەرجان ئەقلى كامىل، خۇلقى پازىل، سۆزگە قابىل، ھوشىيار بالا بولۇپ يېتىلىپتۇ. يىگىت بېشى نۆدەرجاننى مەشرەپكە رەسمىي ئەزا قىلىپ قوبۇل قىلساق بولىدىكەن.

يىگىت بېشى: بولىدۇ، بۈگۈندىن ئېتىبارەن نۆدەرجان 30 ئوغۇل مەشرىپىنىڭ مۇقىم بىر ئەزاسى بولدى. شۇڭا جامكام ۋە نۆدەرجانغا مەشرەپ قائىدىلىرى بىلەن ئادىمىيلىك توغرىسىدا قازى بېگىم ئۆزلىرى ئاز-تولا تەلىم بېرىپ ئۆتكەيلا.

قازى بەگ: خوش، جامكا ئوغۇللىرى مەشرەپنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىنى جانپىدالىق بەجا كەلتۈرگەي، ئەدەپ-ئەخلاقنى ھەمىشە ئۆزىگە يار قىلغاي، ھاياتنى ھايادا ھەللىگەي، ئەل كۆڭلىگە ياقمايدىغان ناشايان ئىشلاردىن يىراق تۇرغاي، ھارامخورلۇق، ھاراقخورلۇق، ھازازۇللۇقتىن ئۆزىنى چەتكە ئالغاي، ياشانغانلارنىڭ يالغۇزلۇقتىن يىغلىغان يۈرەكلىرىنى يازدەك ياشارتقاي، ئەل ئىشىنى ئۆز ئىشىم دەپ بىلگەي، ئاۋامنىڭ بەركە-بىرلىكى ۋە ئابادانلىقى ئۈچۈن ئالدىرىغاي، تۆككەن تەرلىرىدىن تۆھپە تاغلىرىنى تىكلىگەي، ئەھدىگە ۋاپا قىلغاي، نەمۇنىلىك ئىشلىرى بىلەن ئەل قەلبىدىن ئورۇن ئالغاي، ئەگەر كىمكى مەشرەپ يوسۇنىغا خىلاپلىق قىلىپ، كىشىلەرنى بىزار قىلسا، شۇ مىنۇت، شۇ سائەتتىن باشلاپ مەشرەپ ئەھلى تەرىپىدىن تېگىشلىك جازاغا تارتىلىدۇ ياكى 30 ئوغۇل قاتارىدىن نامى ئۆچۈرۈلۈپ، مەشرەپتىن قوغلاندى قىلىنىدۇ. خوش، جامكا بۇنىڭغا نېمە دەيلىكىن؟

جامى: ئېيتقانلىرى بەرھەق قازى بېگىم، كونىلارنىڭ ئېيتقىنى بىكار ئەمەس: «مەشرەپ كۆرمىگەن ئوغۇلنى ھەققەتەن يارامىلىق ئوغۇل دېگىلى بولمايدۇ».

يىگىت بېشى: ھە، نۆدەرجان ھەسەلنىڭ ھەرىسى، گۈلنىڭ تىكىنى بولغىنىدەك، مەشرەپنىڭمۇ تاتلىق-تاڭسۇق چاي-تامقى، قاتتىق-يىرىك تەنبىھ-تاياقلىرى





بولىدۇ. سەن ئۆزۈڭنى دەڭسەپ كۆردۈڭمۇ؟

نۆدەرجان: مەشرەپنىڭ تەرتىپ-تۈزۈملىرىگە قەتئىي بويسۇنىمەن، 30 ئوغۇلنىڭ يوسۇنىغا بەجانىدىللىق بىلەن رىئايە قىلىمەن، ئۆزۈمنىڭ مەشرەپنىڭ مۇقىم بىر ئەزاسى بولغىنىمدىن تولىمۇ خۇرسەنمەن، ھەر بىرلىرىنىڭ ھىممىتىگە كۆپتىن-كۆپ رەھمەت.

يىگىت بېشى: مىرشاپ، نۆدەرجانغا مەشرەپ سورۇنىدىن، 30 ئوغۇل ئارىسىدىن بىر كىشىلىك ئورۇن كۆرسىتىپ بېرىلسۇن.

مىرشاپ نۆدەرجاننى مۇۋاپىق بىر جايغا ئولتۇرغۇزىدۇ.

يىگىت بېشى: مىرشاپ، مەشرىپىمىزگە يېڭى قوشۇلغان بۇ قائىدىلىك ياشنىڭ ياخشى تەرىپى، شەۋكەت-شەرىپى ئۈچۈن بىر پەدە نەغمە ئورۇندالسۇن.

مىرشاپ: قېنى دارى بېگى نەغمە باشلانسۇن.

دارى بېگى: قېنى، مۇغەننىلەر كارامىتىڭلارنى بىر كۆرسەتكەيسىلەر.

نەغمە باشلىنىپ مەشرەپ ئۆز تەرتىپى بويىچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ.

ئۇيغۇر مەشرەپلىرىدە مەشرەپكە يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىشنىڭ شەكىل ۋە ئۇسۇللىرى شۇ ئورۇن، شۇ سورۇننىڭ ئوخشىماسلىق مۇناسىۋىتى بىلەن ھەر خىل بولۇشى مۇمكىن. دېمەكچىمەنكى، مەشرەپكە يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم مەشرەپ تەرتىپى ئىجرا قىلىنىش جەھەتتە ھەرقايسى دەۋرلەرنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ كونكرېت قىزىقارلىق ھەم قايىل قىلارلىق تۈستە ئېلىپ بېرىلىشى تولىمۇ يۇقىرى قىممەتكە ئىگە. سەۋەبى ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخقا ئىگە ئاممىۋى سەنئەت پائالىيىتى ھېسابلانغان مەشرەپلىرىمىزنىڭ «مەشرەپكە يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىش» نامى بىلەن ئاتالغان مۇشۇ بۆلىكىنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن ئەمدىلەتىن قۇرامىغا يېتىلىۋاتقان ياشلارنى تەربىيەلەپ ياخشى ئادەملەردىن بولۇشقا دالالەت قىلىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىۋېلىش ئانچە تەس ئەمەس. شۇڭا مەشرەپلىرىمىزنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي بۆلىكى بولغان «مەشرەپكە يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىش» ئويۇنىغا يېڭىدىن يېڭى ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىپ، ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇپ قايىل قىلىش كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپ يېڭى مەزمۇن ۋە شەكىللەر بىلەن بېيىتىش ئارقىلىق، ياشلىرىمىزنى تەربىيەلەشنى توختاتماي، ئۇلارنىڭ ئەخلاقىمىزغا مۇخالىپ ناچار ئىللەتلەرنى دادىللىق بىلەن سەممىي پاش قىلىپ، مىللىي ئەخلاقىمىزنى ئەسلىدىكى ساغلاملىق ھالىتىدىن ئۇلارنىڭ بۇلغانمىغان پاكىز قەلبىدىن مۇستەھكەم ئورۇن ئالدۇرۇپ، ياشلىرىمىزنىڭ، شۇنداقلا ھەممىمىزنىڭ گۈزەل كېلەچىكى ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

(ئاپتور: توققۇزتارا ناھىيە دۆڭمەھەللە يېزا مويۇنگۇزەر مەكتەپتە)

# شۋېتسىيەلىك مىسسىيونېر سىگفرىد موئېن توپلىغان ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىن تاللانما

مامۇتجان ئىمىن

شۋېتسىيەلىك مىسسىيونېر سىگفرىد موئېن (Sigfrid Moen.Rev، 1897 ـ 1989) ئەينى دەۋردە جەنۇبىي شىنجاڭدا دىن تارقىتىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغاندا 1930 ـ يىلىدىن 1938 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلارنى ئارىلاپ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئالاقىدار بولغان نۇرغۇن ماتېرىياللارنى توپلىغان. بۇ ئەسەرلەر ئىچىدىن مەخسۇس خەلق قوشاقلىرى تاللىنىپ، گۇننار يارىڭنىڭ رەتلىشى بىلەن 1996 ـ يىلى لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى تېئولوگىيە ئىنستىتۇتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، مەن فرانكفورت ئۇنىۋېرسىتېتى تۈركولوگىيە فاكۇلتېتىغا ئوقۇغىلى چىققاندا فاكۇلتېت ماتېرىيال بۆلۈمىدىن گۇننار يارىڭنىڭ ئەسەرلىرىنى توپلاش جەريانىدا گۇننار يارىڭ تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىن تاللانما» دېگەن ئەسەرنى كۆرۈپ قالدىم، جەمئىي 46 بەتلىك بۇ كىچىك كىتابقا سىگفرىد موئېن توپلىغان جەمئىي 79 پارچە قەشقەر خەلق قوشىقى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئاۋۋال قوشاقلارنىڭ ئۇيغۇرچىسى، ئاندىن ئۇنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى بېرىلگەن. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا توپلانغان بۇ قوشاقلارنى بۈگۈنكى كۈندىكى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئۇنچىۋالا چوڭ پەرقنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. بىز ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىش ئەھۋالى، مۇھىمى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىكى ئاغزاكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن نۆۋەتتىكى ئاغزاكى ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرىسىدىكى سېلىشتۇرمىلىق تەتقىقات ئۈچۈن ماتېرىيال بولۇش مۇمكىنچىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، سىگفرىد موئېن توپلىغان قەشقەر خەلق قوشاقلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق.

— تەييارلىغۇچىدىن

تاغقا چىقتىم داۋانسىز،
ساڭا كۆيدۈم ئارامسىز.
كۆيگەنىمنى بىلەمسىز،
كۆڭلى قارا ئىمانسىز.

ئاق تامىڭدا ئات يۈگۈردۈم،
يىقىلدىم تۈزگە.
ئاتىنىڭ ئالدىدا خەت ئىبەردىم،
دوستۇم ساڭا.

ئۆستەڭ بويى يۇلغۇنلۇق،
دوپپاسى بادام گۈللۈك.
سەن خانىمنى ئويناتقان،
چۆرەسى قىزىل گۈللۈق.

ئوتتا كۆيەيمۇ دوستۇم،
چوغدا كۆيەيمۇ دوستۇم.
ئوتىڭىزغا پايلىماي،
ھەرەمگە كىتەيمۇ دوستۇم.

قوغۇن تېرىدىم خەسكە،
پىچىپ بېرەمەن بەگكە.
ئاتامۇ يوق، ئانامۇ يوق،
بۇ يۇرتتا ئۆزۈم يەككە.

تاش يولدا ھەيدەيدۇر،
شوپۇر بالالار ماشىنا.
ئەگەر ئوقۇغان بولساڭ،
كۆن بولمايدۇر ئاشنا.

مەن ئاتىمنى سوغاردىم،
مارالبېشى بۇلاقتا.

ئوغۇل بالا، ياش بالا،
سىپا يەردە سولاقتا.

قىزىل گۈل ئاچىلىپدۇر،
باغ يول ئىچىدە.
قارا كۆز ئولتۇرادۇر،
ھۇجرا ئىچىدە.

باشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ،
كۆلگە چۈشتى شولىسى
مېنى كۆيدۈرگەن يارىڭنىڭ،
يول تۆپەسىدە ھويلەسى.

ئالماتۇ دېگەن شەھەرنىڭ،
ئالماسى تولا ئىكەن.
غېرىبلىك ماڭا يەتتى،
كەلمەسەم بولار ئىكەن.

ئىلىخونىڭ يوللەرى،
چىلان بىلەن چۆل قۇدۇق.
قايەردە بولسا ئاتامنى،
بىز خۇداغە تاپشۇردۇق.

قاشى قارا مۇنايىم،
تولادۇر مېنىڭ گۇناھىم.
گۇناھىمنى تونۇرمەن،
رەھىم قىلغىل خۇدايىم.

ۋاپا قىلامىكى دەپتىم،
جاپا قىلىشنى كىم بىلدى.
ئايرىلماسىمىكى دەپتىم،
ئايرىلىشنى كىم بىلدى.

ئىگىز ئېرىقتا نو(ر) قويغان،
پەست ئېرىقتا گۈلدۈرمە.
سىزگە مەن كۆيۈپ قالغان،
ھېچ كىشىگە بىلدۈرمە.

سەنمۇ غېرىب، مەنمۇ غېرىب،
باغقا بۇغداينى تېرىپ،
ئالتە ساچقاننى قاتىپ،
لەيلەي ئېيتقان شاھ غېرىب.

ھاۋادىكى بوز قۇشمەن،
خېنىم دەردىڭدە بىھوشمەن.
مەيلىڭ بولسا كەل يارىم،
ئالتۇن بىرلەن كۈمۈشمەن.

كېتەردە خوش دېمەي كەتكەن،
مېنىڭ ئانداغمۇ يارىم يوق.
پىشانەمگە پۈتۈلگەندۇر،
ئانى تارتماسقا چارەم يوق.

گۈلۈم غۇنچە گۈلۈم غۇنچە،
نېمە كۆيدۈرۈرسەن ئۇنچە.
سېنىڭ گۈلۈڭ ئېچىلغۇنچە،
مېنىڭ گۈلۈم تېخى غۇنچە.

يا دەردىدە مەن ئادا بولدۇم،
غەمگە مەن يەنە تولدۇم.
(ياكى) غەمگە مۇپتالا بولدۇم.
بىر كۆرۈپ جامالىڭنى،
ئاشىق بىقارا بولدۇم.

كەتتى ئۇل كۆڭلى قارا،
كېتەمسە يارىم دېمەدى.
(ياكى) بارامسە يارىم دېمەدى.
چېنىگە چاينى قۇيۇپ،
ئىچەمسە يارىم دېمەدى.

سەن چىمەننىڭ بۇلبۇلى سەن،
مەن چىمەننىڭ بىر گۈلى.
سەن چىرايىڭغا ئىشەنسەڭ،
مەن خۇدايىمنىڭ قۇلى.

راۋاب چالغان قوللەرىڭ،
تالمادۇر بېلەكلەرىڭ.
ئۇشتۇيەڭدىن مەن ئۆتسەم،
كۆيمەمدۇر يۈرەكلەرىڭ.

مەن بۇ يۇلغە ماڭغا ئەتتىم،
باشلاپ كەلدى ئىبراھىم.
ئاشۇق بىرلەن مەشۇقنى،
ئايرىۋەتتى خۇدايىم.

راۋابچى ئۆتتۈپ كەتتى،
ئارقادىكى يول بىرلەن.
كۆڭلۈمنى ئۆتتۈپ ئالدى،
قولىدىكى گۈل بىرلەن.

ھەر شەنبە چىقىپ گەپتىم،
مەي باغلاغان ئۈژمەگنى.
بۇ شەنبە چىقالمادىم،
نە قىلاي غىېرىبلىقنى.

سەھەردە سايراغان بۇلبۇل،
خۇداغا نالە قىلمامدۇر.
ئاتامىز يوق، ئانامىز يوق،
خۇدايىم رەھمە قىلمامدۇر.

كۆك قومۇشقا ئوتنى ياقسام،
ساغرا كۆيمەس دېدىم.
يۈزى ئاق ۋە كۆڭلى قارا،
مەندىن ئايرىلماس دېدىم.

كەتتى ئۆستەك ياقالاپ،
تاش بىرلەن قۇمنى ساناپ.
كىچە بولسا ئۇيقۇ يوق،
كوندۈزدەكى يارنى ئويلاپ.

ئۈژمەلەر پىشىپ قاپتۇ،
شاخ شاخىدا مەي باغلاپ.
چوكانلار قىزىپ قاپتۇ،
ئەمچەكلەرى تور باغلاپ.

مەن ئاتىمنى سالمايمەن،
ئۆستەك بويى لۆملۆمگە.
ئەجەب ئىچىم ئاغرىيدۇر،
ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرۇمگە.

قۇيرۇقۇم قانات قويدى،
سايىدىكى سۆگەتلەرگە.
يارغا خەت بىرەر چاغدا،
ئوت كەتتى يۈرەكلەرگە.

باغدا كاككۇك سايرايدۇر،
ئاگلاگلا نىمە دەيدۇر.
ھەر كۈن ھەر نىمە دەيدۇر،
دەرد كەلمەيدۇر بىلمەيدۇر.

قۇشقاچلار جىۋىلدايدۇر،
لاچىن كەلگەن ئوخشايدۇر.
يۈرەكىم جىغىلدايدۇر،
يارىم كەلگەن ئوخشايدۇر.

چىرايىم زەفىران بولدى،
ساماندىن ئايرىيالمايمەن.
مىنىڭ بىچارە كۆڭلۈمنى،
يەماندىن ئايرىيالمايمەن.

چاۋا چاقۇ چاۋا چاق،
چاۋا تەردىم بىر قۇچچاق.
چاۋارىمنى ئەپ كەتتى،
پاقا بىرلەن قۇمۇچاق.

ئاشنا تۇت چىرايلىقنى،
يولدە قوي نىشانىڭنى.
ئاشنا قولغە كەلمىسە،
ئۇرۇپ قوي پەشانىڭنى.

ئىلىغا چىقىپ كەتتى،
يول بىلمەيدۇرغان باللا.
سوداسىنى قىلالامدۇر،
سودا قىلماغان باللا.

فەيرابادنى چۆل دەيسەن،
چۆل ئەمەسكەن ئاۋاتكەن.
يىگى ياچى يار تۇتسام،
قەند ئەمەسكەن ناۋاتكەن.

هاراق ئىچسەدۇر دەيدۇر،
تاماكۇ چەكسەندۇر دەيدۇر.
ھەركىم ھەر نېمە دەيدۇر،
دەرد كەلمەيدۇر بىلمەيدۇر.

ئاتىمنى توقۇپ قويدۇم،
يىغۇرغان يامان قاردا.
باشىمغا ھەر بالا كەلسە،
مېنىڭ كۆڭلۈم تېخى ياردا.

ئاتىمنى توقۇپ قويدۇم،
ئايىللەرىنى مەن تارتماي.
بۇ دەردنى كىم تارتسۇن،
سەن بىرلەن مەن تارتماي.

ئاق لەيلى، قىزىل لەيلى،
باغدا قىلايلى سەيلى.
يار كېلەمدۇر كەلمەمدۇر،
يارنىڭ ئۆزىنىڭ مەيلى.

كاككۇكلار كېلىپ قاپتۇ، يارەي،
باھار بولغانغا ئوخشايدۇر.
كۆڭلۈم خوش بولۇپ قاپتۇ، جانىما،
يارىم كەلگەنگە ئوخشايدۇر.

كاككۇكلار كېلىپ قاپتۇ، يارەي،
ياش ئوسما تېرەكلەرگە.
يارىمنى خىيال قىلسام، جانىما،
ئوت كەتتى يۈرەكلەرگە.

چىنانى بەرمەڭ نادانغا،
ئويناپ، ئويناپ سىندۇرۇر.
بىۋەفاغا ئاشنا بولساڭ،
قاچان كۆڭۈلنى تىندۇرۇر.

ئوتان كەسكەن كەركەمكىن،
يارغاچ كەسكەن كەركەمكىن.
تاتلىق گەپنى ئىشتمەيدۇر،
يارنىڭ كۆڭلى تەتۈرمكىن.

بارغۇم بار ھەي بارغۇم بار،
بۇغدايلىقتا زارغۇن بار.
كىمنىڭ قىزى ئۇز بولسا،
شۇنى بارىب ئالغۇم بار.

ئول يان ئۆتۈپ بۇيان ئۆتۈپ،
نەرگە بارۇرسەن.
ئوسما قويۇپ گۈلنى قىسىپ،
جەننى ئالۇرسەن.

ئەمراقىم دەيمۇ سىنى، ۋاي،
تاتلىقىم دەيمۇ سىنى،
شىشەدىن ساندۇق ئېتىپ،
ساقلاپ سۆيەيمۇ، ۋاي، سىنى.

ئايۋانىڭدا ياتايمۇ،
سەرايىڭدا سەن.
ئاق راباتتا ئايرىلغان،
يارىمسەن.

ئاينى كۆردۈم ئاسماندا،
كۈننى كۆردۈم ئاسماندا.
مەن ساڭا بېرىپ قوياي،
قەرزىنىڭ بولسا دوستامدا.

ئاينى كۆردۈم ئاسماندە،
قەرزىنىڭ بارمۇ دوستۇمدە.
قەرزىنىڭ بولسا مەن بېرەي،
نەق نەرسىنى يىغقاندە.

تام تۆپەسىدە ئولتۇرادۇر،
غۇنچە بويلۇق بىر يىگىت.
ئىشارەتلىسەم شەرەتكە كەلمەس،
ئىشارىتى تاتلىق يىگىت.

2010-يىلى 4-ئاينىڭ 15-كۈنى گېرمانىيە فرانكفورت شەھە-
رى، ئېنكخائىم رايونى ئېرستېر كوچىسىدىكى ئۆيدە تەييارلاندى.

(ئاپتور: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىلى فا-
كۇلتېتى چاغاتاي ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى كەسپىنىڭ 2008-يىللىق
دوكتور ئاسپىرانتى)



# شىپالىق ئالما

(چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ ئوردىسىنىڭ كەينىدە ناھايىتى چوڭ بىر مېۋىلىك باغ بار ئىكەن. باغ شۇنداق گۈزەل ئىكەنكى ھەرقانداق كىشىنىڭ زوقى كېلىدىكەن، ھەرقانداق بىمار كىشى بۇ باغنى بىر قېتىم ئايلانسا، كۆڭلى ئېچىلىپ كېسىلى ساقىيىپ قالغاندەك بولىدىكەن. ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان ئېغىر كېسەللىكلەر بۇ باغدىكى شىپالىق ئالمىدىن يېسە كېسىلى ساقىيىدىكەن. كىشىلەر «بۇ باغنىڭ ئالمىسى پىشقاندا ھەر كۈنى سەھەردە بىرنى يەپ بەرسە بىر يىللىقتىن ئۆمرى ئۇزىرايدىكەن. 40 يىلغىچە كېسەل بولمايدىكەن» دېيىشىدىكەن. بىراق ئالما پىشقان ۋاقىتدا بىر ئاخشامدىلا ئالما يوقاپ كېتىدىكەن. پادىشاھ بۇ ئىشتىن قاتتىق ئەجەبلىنىپتۇ. بىر يىلى ئالما پىشقان مەزگىلدە پادىشاھ ئۈچ ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئى ئوغۇللىرىم، ھازىر بۇ باغدىكى ئالما پىشىش ئالدىدا تۇرىدۇ. ھەر يىلى ئالما پىشقاندا يوقىلىپ كېتىۋاتىدۇ. سىلەر ئۈچ ئوغۇل مۇشۇ بىر ھەپتە ئىچىدە نۆۋەتچىلىك قىلىڭلار، قانداق كىشى بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئالمىغا قول ئۇزاتقان كىشىنى تۇتۇپ مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپتۇ.

ئۈچ ئوغۇل ئاتىسىنىڭ ئېيتقىنى بويىچە بىر كېچىدىن نۆۋەتچىلىك قىلىشقا ۋەدىلىشىپتۇ. بىرىنچى كېچىسى پادىشاھنىڭ چوڭ ئوغلى نۆۋەتچىلىك ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋاپتۇ. ئۇ نامازشام مەزگىلى بىلەن مىسران قىلىچىنى ئېسىپ باغقا كىرىپتۇ. تۈن يېرىمدىن ئۆتكەندە تاغ تەرەپتىن بىر ئىسسىق شامال كەپتۇ. پادىشاھنىڭ چوڭ ئوغلى ئالمىغا

يۆلىنىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. تاڭ سۈزۈلگەندە ئويغىنىپ قارد-
سا ئالمىنىڭ ھەممىسىنى ئوغرى ئۈزۈپ كېتىپتۇ. شاھزادە
ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ كېچە بولغان ۋەقەنى ئاتىسىغا
ئېيتىپ بېرىپتۇ، پادىشاھ چوڭ ئوغلىدىن رەنجىپ خېلى
ۋاقىتلارغىچە ئاغرىنىپ يۈرۈپتۇ.

ئىككىنچى يىلى يەنە ئالما پىشىش مەزگىلى يېتىپ كەپتۇ.
بۇ قېتىم پادىشاھنىڭ ئىككىنچى ئوغلى بىر كېچە نۆۋەتچىلىك
قىلغان بولسىمۇ يەنىلا ئاكىسىغا ئوخشاشلا ئۇخلاپ قاپتۇ. پا-
دىشاھ ئەھۋالنى ئۇقۇپ قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ.

ئۈچىنچى يىلى يەنە كۈز كەپتۇ. پادىشاھ كېسەل
بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئۇ كەنجى ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئى ئوغلۇم، ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. باغدىكى
شىپالىق ئالمىلارغا ئوغرى تېگىپ بىزنىڭ يېيىشىمىزگە
نېسىپ بولمايۋاتىدۇ. مەن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدىم.
ماڭا شىپالىق ئالما زۆرۈر. ئالما يەنە ھەپتىدىن كېيىن
پىشىپ ۋايىغا يېتىدۇ. ئىككى ئاكاڭ ئۇنى ساقلىيالمىدى،
شۇڭا ئاشۇ بىر تۈپ ئالمىغا سوغۇق قول تېگىپ قالسا كېسە-
لىم شىپا تاپمايدۇ، بۇ ئۈمىدىمنى ساڭا باغلىدىم،— دەپتۇ.

پادىشاھنىڭ كەنجى ئوغلى ئاتىسىنىڭ ئېيتقىنىنى
جاندىل بىلەن ئورۇنداش ئۈچۈن ۋەدە بېرىپتۇ. بىر
ھەپتە بۇرۇن مىسران قىلىچىنى ئېسىپ ئالمىنى ساقلاپتۇ.
ئارىدىن بەش كۈن ناھايىتى تىپتىنچ ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئال-
تىنچى كۈنى تۈن يېرىملاشقاندا تاغ تەرەپتىن ئىسسىق
شامال كەپتۇ. كەنجى ئوغۇل دەرھال ئىككى ئاكىسىنىڭ
سۆزىنى ئېسىگە ئېلىپ چىمچىلاق قولىنى كېسىپتۇ-دە،
قويىنغا سېلىۋالغان لازىنى قولىغا ۋە كۆزىگە سەل-پەل
سۈركەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بىر تەرەپتىن قولى ئېچە-
شىپ، بىر تەرەپتىن كۆزى ئېچىشىپ ئۇيقۇسى قېچىپتۇ.
تاڭغا يېقىن توساتتىن بىر قارا قول كېلىپ ئالمىلارنى ئۈ-
زۈشكە باشلاپتۇ. كەنجى ئوغۇل دەرھال قىلىچىنى چىقى-
رىپ ھېلىقى قارا قولغا ئۇرغان ئىكەن، بەش بارمىقى ئۈ-
زۈلۈپ چۈشۈپتۇ. قارا قول قانداق تېز كەلگەن بولسا،
شۇنداق تېز غايىب بوپتۇ. كەنجى ئوغۇل دەرھال ئېتىغا
مىنىپ ئوغرىنى قوغلاپتۇ. تاڭ سۈزۈلۈپ كۈن قوزا چۈش
مەزگىلگە يېتىپتۇ. قان ئىزى توساتتىنلا يوقاپ كېتىپتۇ.
كەنجى ئوغۇل سىنچىلاپ قارىغان ئىكەن، قان تامچىسى
بىر قۇدۇق بېشىغا كەلگەندە يوقىلىپ كېتىپتۇ. ئۇ قۇدۇققا
ئېڭىشىپ قارىغان ئىكەن، قۇدۇق لېۋىدە قان تامچىسى
تۇرغۇدەك. ئۇ ئۆزى ئىزدەپ كەلگەن قارا قولنىڭ مۇشۇ
قۇدۇققا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن

ئېتىنى قۇدۇق بېشىدا قويۇپ ئېتىنىڭ بېلىگە ئارغامچا
باغلاپ قۇدۇق ئىچىگە چۈشۈپتۇ. قۇدۇق ئىچىدىن ھېچ-
قانداق شەپىنى تاپالماي چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ تۇرۇشى-
غا توساتتىنلا بىر قوڭغۇراق ساداسى ئاڭلىنىپ ئالدىدىن
بىر ئىشىك ئېچىلىپ قۇدۇقتىكى سۇ غايىب بوپتۇ. كەنجى
ئوغۇل بۇ ئىشتىن ھەيران قاپتۇ. بىر بېسىپ، ئىككى
بېسىپ ھېلىقى ئىشىكتىن كىرىپ خېلى ئۇزاققىچە ماڭغاندىن
كېيىن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ناھايىتى چوڭ ۋە كۆركەم بىر
شەھەر پەيدا بوپتۇ. ئادەمسىز بۇ شەھەردە نۇرغۇنلىغان
ئوقەتچىلەرنىڭ ئۆز ماللىرىنى داڭلاپ توۋلاشلىرى،
ئاشپەز، ناۋاي، سامسىپەزلەرنىڭ خېرىدار چاقىرىشلىرى
ئېنىق ئاڭلىنىپتۇ. بىراق ھېچقانداق ئادەم كۆرۈنمەپتۇ.
كەنجى ئوغۇل قورسىقى ئاچقانلىقتىن بىر چەتتە تۇرغان
سامسىغا قول ئۇزىتىپ ئىككى سامسىنى ئېلىپ يېيىشكە
تەمشەلگەن ئىكەن، دەرھال بىر قارا قول كېلىپ ئۇنىڭ
بېلىكىگە ئېسىلىپ ئۇنى بىر چەتكە سۆرەپتۇ. كەنجى
ئوغۇل ھودۇققىنىدىن نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قاپتۇ. تو-
ساتتىنلا ئالدى تەرەپتىن «ماڭ ئوغرى» دېگەن ئاۋاز
ئاڭلىنىپتۇ.

كەنجى ئوغۇل قورققىنىدىن لاغىلداپ تىترەپ ھېلىقى
قارا قولغا ئەگىشىپ خېلى ئۇزاق مېڭىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي
ھەشەمەتلىك بىر ئوردا ئالدىغا يېتىپ كەپتۇ. ئوردا ئىشى-
كىدىن خاننىڭ سارىيىغا كىرىپتۇ. بۇ ساراي شۇنداق
گۈزەل، سۈرلۈك ۋە جىمجىت ئىكەنكى كەنجى ئوغۇل
ھەيران قاپتۇ. قارا قول كەنجى ئوغۇلنى سۆرەپ خان
تەختىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. تەختتە پادىشاھ كۆرۈنمەي-
تۇ، شۇنداقتىمۇ جاراڭلىق ۋە سۈرلۈك بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپ
ئارقىدىنلا سوراق باشلىنىپتۇ.

— ئەي ئادەمزات، سەن بۇ يەرگە قانداق كېلىپ
قالدىڭ؟

كەنجى ئوغۇل ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئەي زېمىن ئاستى خاقانى، مەن بولسام زېمىن
ئۈستىدىكى ساداقەتمەن ئەلنىڭ ئادالەتلىك شاھى پۇقراسى-
نىڭ غەمگۈزارى بولغان بىر خاننىڭ كەنجى ئوغلىمەن. ئور-
دىمىزنىڭ بېغىدا بىر تۈپ شىپالىق ئالما بار ئىدى. بۇ ئالمى-
غا ھەر يىلى سوغۇق قول تېگىپ بىرنىمۇ قويماي ئوغرىلاپ
كەتتى. خان ئاتامنىڭ يېيىشىگە نېسىپ بولمىدى. مەن ئۇنى
ساقلاپ ياتقان ئىدىم. ئۈلۈشكۈن بىر قارا قول ئالمىغا قول
سالدى، ئۇنى قوغلاپ قۇدۇق بېشىغا كەلدىم، ئۇ قۇدۇققا
كىرىپ كېتىپتۇ. مەنمۇ قۇدۇققا چۈشتۈم. ئۇزاق ئۆتمەي بىر

ئىشىك ئېچىلدى. قورسقىم ئېچىپ سامسىپەزنىڭ دۇكىنى-
دىن ئىككى سامسا ئېلىۋالغانتىم، بىر قول تۇتۇۋېلىپ ھۇ-
زۇرلىرىغا ئېلىپ كەلدى.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ خان دىدارىنى كۆر-
سەتمەي، — بىز سىزنىڭ قانداق كىشى بولۇشۇڭىزدىن قەتـ-
ئىينەزەر بىزنىڭ يۇرتىمىزدا ئوغرىلىق قىلىدىكەنسەن قائى-
دە بويىچە ئىككى قولۇڭ كېسىلىدۇ، — دەپتۇ.

— ھەي ئۇلۇغ شاھىم، بۇ گۇناھ ئۈچۈن ئۆلۈمگە
مەھكۇم بولسامۇ، بىراق ماڭا بىر نۆۋەت كەڭچىلىك
قىلسىلا! — دەپتۇ كەنجى ئوغۇل.

— مۇنداق بىر شەرتىم بار، — دەپتۇ خان يەنە دى-
دارىنى كۆرسەتمەي، — بىزنىڭ بۇ شەھىرىمىزدە ناھايىتى
چوڭ بىر ئەجدىھا بار. ئۇ ھەر يىلى بىردىن قىز يەيدۇ.
بۇ يىل نۆۋەت مېنىڭ قىزىمغا كەلدى. يەنە ئۈچ كۈندىن
كېيىن ئەجدىھا كېلىدۇ. ئەگەر سەن قىزىمنى كۆلپەتتىن
قۇتقۇلدۇرۇپ قالساڭ سېنىڭ قانداق شەرتىڭ بولسا ئو-
رۇندايمەن.

— ماقۇل، ھەرقانداق مۇشكۇل شەرت بولسىمۇ ئو-
رۇندايمەن، — دەپتۇ كەنجى ئوغۇل، — ماڭا ئەجدىھا-
نىڭ بويى بىلەن تەڭ بىر دانە قىلىچ سوقتۇرۇپ بېرىڭلار.

— ناھايىتى ياخشى، — دەپتۇ خان. شۇ چاغدا
كەنجى ئوغۇلنىڭ ئالدىدا سەلتەنەتلىك شاھ پەيدا بوپتۇ-
دە، كەنجى ئوغۇلنىڭ قولىدىن يېتىلەپ ئىچكىرى خانىگە
باشلاپتۇ. ئۇنى ئىككى كۈن بولۇشىغا مېھمان قىپتۇ. ئۈ-
چىنچى كۈنى پۈتۈن شەھەر خەلقى شەھەرنىڭ سىرتىدىكى
تاغ باغرىغا يىغىلىپتۇ. قائىدە بويىچە خاننىڭ قىزىمۇ بۇ
يەرگە ئېلىپ كېلىنىپتۇ. كەنجى ئوغۇلمۇ مەيداندا ھازىر
بوپتۇ. كەنجى ئوغۇل ئەجدىھانىڭ بويى بىلەن تەڭ سو-
قۇلغان قىلىچنى تاشقا بىلەپ ئەجدىھانىڭ كېلىشىنى تۆت
كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئارىدىن ئانچە ئۇزاق
ئۆتمەي قاتتىق بوران چىقىپ ئەجدىھا يېتىپ كەپتۇ.
كەنجى ئوغۇل قىلىچنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ئەجدى-
ھانىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپتۇ، ئەجدىھا شۇنداق قاتتىق دەم
تارتقان ئىكەن، يىگىت بىلەن قىلىچ ئەجدىھانىڭ ئاغزىنى
بۆسكەن پېتى باشتىن-ئاياغ ئىككى پارچە قىلىپ تاشلاپ-
تۇ. ئەجدىھا نەق مەيداندا جان بېرىپتۇ. كەنجى ئوغۇلنىڭ
باتۇرلۇقىغا ھەيران قالغان خەلق ئۇنى ئالقىشلاپتۇ.
خاننىڭ قىزىمۇ يىگىتنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپ كۆز
يېشى قىلىپ يىگىتكە رەھمەت ئېيتىپتۇ. ھەش-پەش دېگۈ-
چە بۇ خەۋەر خاننىڭ قۇلىقىغا يېتىپ بېرىپتۇ. خان بۇ
ئىشتىن ناھايىتى خۇرسەن بوپتۇ. كەنجى ئوغۇلنى تەبرىك-
لەپ ئۇنىڭ شەرتلىرىنى ئورۇنداشقا ماقۇل بوپتۇ، ئالدى
بىلەن ئۆز قىزىنى كەنجى ئوغۇلغا توي قىلىپ بېرىپتۇ.

كەنجى ئوغۇل ئەمدى خاتىرجەم بولغان بولسىمۇ
بىردىنبىر مەقسىتى زېمىن ئۈستىگە چىقىپ شىپالىق ئالمى-
لارنى ئاتىسىغا يەتكۈزۈپ بېرىپ ئاتىسىنى تېزرەك كېسەل-
دىن ساقايتىشنى ئويلايدىكەن. كەنجى ئوغۇل بۇ مەقسىتى-
نى پادىشاھقا ئېيتقان ئىكەن، ئۇنىڭ قىزىدىن ئايرىلىشقا
كۆزى قىيماي:

— مۇشۇ يەرمۇ زېمىن ئۈستىگە ئوخشاش. خالىغان
ۋاقىتتا خالىغان جايغا بېرىپ كۆڭۈل قارىنىڭلارنى ئېچىڭ-
لار، — دەپتۇ-دە، كەنجى ئوغۇلغا ئوۋغا چىقىشقا ئىجا-
زەت بېرىپتۇ. كەنجى ئوغۇل بىر كۈنى ئوۋغا چىقىپتۇ.
ئوۋ ناھايىتى كۆڭۈللۈك بوپتۇ. ئۇ بىر تاغنىڭ باغرىغا
كېلىپ قاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا تاغ باغرىدىن ناھايىتى
زور بىر يىلان چىقىپ بىر تۈپ چىنارغا يامىشىپ چىقىۋات-
قانمىش. چىنار ئۈستىدىكى بىر قانچە سۇمۇرغ قۇشنىڭ با-
لىلىرى ۋىچىرلىشىپ جېنىنى سىغدۇرۇشقا يەر تاپالماي تې-
پىرلاپ كېتىپتۇ. كەنجى ئوغۇل بىر پەس قاراپ تۇرۇپتۇ-
دە، كېيىن قۇش بالىلىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىش نىيىتىگە كەپتۇ.
ئۇ ئاستا بېرىپ بىر تاشنىڭ كەينىگە مۆكۈپتۇ. ناھايىتى
يوغان بىر قورام تاشنى ئېلىپ ھېلىقى يىلاننىڭ بېشىغا كەل-
تۈرۈپ بىر ساپتۇ. يىلان شۇ يەردىلا تىن تارتماي ئۆلۈپ-
تۇ. سۇمۇرغ قۇشنىڭ بالىلىرى رەقىبىنىڭ يوقالغانلىقىدىن
خۇشال بولۇپتۇ-دە، دەرھال زۇۋانغا كىرىپ كەنجى ئو-
غۇلنى چىنار ئۈستىگە چىقىشقا بۇيرۇپتۇ. كەنجى ئوغۇل
قۇش بالىلىرىنىڭ تەكلىپى بويىچە چىنار ئۈستىگە چىقىپتۇ.
سۇمۇرغ قۇشنىڭ بالىلىرى كەنجى ئوغۇلنى ناھايىتى
قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ ۋە مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. كەنجى
ئوغۇل قۇش بالىلىرى بىلەن خوشلىشىپ چىنار ئۈستىدىن
چۈشۈپ كەتمەكچى بولغان ئىكەن، قۇش بالىلىرى ئۇنى
چۈشۈپ كەتكىلى قويماپتۇ ۋە ئاتىسىنىڭ پات ئارىدا
يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى، بۇ خەۋەرنى ئاتىسىغا يەتكۈزۈش
بىلەن ياخشىلىقىقا ياخشىلىق قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.
ئاندىن كېيىن يىگىتنى قانات ئاستىغا ئېلىپ ئاتىسىنىڭ كې-
لىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپتۇ، ئۇزاق ئۆتمەي ھاۋا
قاتتىق بۇزۇلۇپ بوران چىقىشقا باشلاپتۇ. دەل شۇ چاغدا
سۇمۇرغ قۇشنىڭ بالىلىرى ئاتىسىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى
كەنجى ئوغۇلغا ئېيتىپتۇ. ھايال ئۆتمەي سۇمۇرغ
قۇشنىڭ ئاتىسى يېتىپ كەپتۇ. ئاندىن ئەتراپقا بىر قۇر

كۆز يۈگۈرۈتۈپ باللىرىدىن سوراپتۇ:

— باللىرىم، ئادەم پۇرىقى پۇراۋاتىدۇ. بىزنىڭ بۇ يەرگە قانداق ئادەمزات كەلدى؟

قۇش باللىرى جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئى باش پاناھىمىز، غەمگۇزارىمىز، دىل ئارامىمىز مېھرىبان ئاتا، سىلە ياخشىلىق قىلغان كىشىگە ياخشىلىق قىلامىلا ياكى يامانلىق قىلامىلا؟

— ياخشىلىق قىلغان كىشىگە ئەلۋەتتە ياخشىلىق قىلىمەن، — دەپتۇ سۇمۇرغ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ قۇش باللىرى، — بىزگە بىر قانچە يىلدىن بېرى تەھدىت سېلىپ ئېپى ئەۋلادىمىزنىڭ كۆپىيىشىگە دەخلى قىلىپ كەلگەن بىر يىلان بار ئىدى. بۇ مەخلۇقنى مۇشۇ يەردە بىر يىگىت ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى.

— قېنى ئۇ يىگىت؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مانا بۇ يىگىت، — دەپ كەنجى ئوغۇلنى قانات ئاستىدىن چىقىرىپتۇ. ئاندىن پەستە تۇرغان يىلاننىڭ ئۆلۈكىنى كۆرسىتىپتۇ.

— ئەي پالۋان يىگىت، سېنىڭ قانداق تەلىپىڭ بار؟ چاپسان ئېيت، — دەپتۇ سۇمۇرغ قۇش زوۋانغا كىرىپ، كەنجى ئوغۇل ئۆزىنىڭ زېمىن ئۈستىگە چىقىپ كېتىش تەلىپى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— بۇ ناھايىتى مۇشكۇل ئىش، — دەپتۇ سۇمۇرغ قۇش، — ھازىر بىزنىڭ زېمىن بىلەن بولغان ئارىلىقىمىز ئۈچ كېچە-كۈندۈزلۈك يول. بۇ ۋەزىپە مۇشكۇل بولسىمۇ مەن بۇنى ئورۇنداشقا جانپىدا قىلىمەن.

— مەن بىر قودۇق ئېغىزىدىن بىردەمدىلا كىرگەنتىمغۇ؟ — دەپتۇ كەنجى ئوغۇل.

— سەن خاتا ئويلاپسەن. قودۇق بىلەن زېمىن ئارىلىقى ناھايىتى قىسقا بولسىمۇ قودۇقتىن ئېچىلغان ئىشىك يەر ئاستى شەھىرىنىڭ ئېغىزى بولۇپ، بۇ يەرگە كىرىپ قالغان ئادەم ئۆمۈربويى چىقىپ كېتەلمەيدۇ. ھەر پەيشەنبە كۈنى كەچتە شەھەردىكى خاقاننىڭ كىچىك قىزى زېمىن ئۈستىگە چىقىپ سەيلە-ساياھەت قىلىدۇ. شۇ كۈنى شۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ چىقىپ كېتەيلى. سەن يۈك-تاقلىرىڭنى ئېلىپ ئەتە كەچتە بۇ يەرگە كەلگىن. مەن بىر كۈن ئوزۇق-تۈلۈك تەييارلىۋالاي، شەنبە كۈنى يولغا چىقايلى، — دەپتۇ.

كەنجى ئوغۇل سۇمۇرغ بىلەن خوشلىشىپ قايتىپ كېتىپتۇ. ئۇ قىلىش جەريانىدا كۆرگەنلىرىنى ۋە تەلىپىنى خانغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. خانمۇ ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپ كاتتا زىياپەت بىلەن ئۇنى ئۇزىتىپ قىزى مەلىكىنى قوشۇپ بېرىپتۇ. ھېلىقى شىپالىق ئالمىلارنىڭ ھەممىسىنى كەنجى ئوغۇلنىڭ ئېلىپ كېتىشىگە بۇيرۇپ بېرىپتۇ. كەنجى ئوغۇل ھەمراھلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ھېلىقى چىنارنىڭ يېنىغا يېتىپ كەپتۇ.

سۇمۇرغ قۇش چىنار ئۈستىدىن چۈشۈپتۇ. ئاندىن ئۆزى تەييارلىغان يەم بىلەن سۇنى ئىككى تۇلۇمغا قاچىلاپ بولۇپ كەنجى ئوغۇلغا مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي ئادەمزات، مەن سىلەرنى زېمىن ئۈستىگە ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن ئۈچ كېچە-كۈندۈز ئۇچىمەن. بۇ جەرياندا دەم ئېلىشقا بولمايدۇ. ئوڭ تەرىپىمگە قارىسام گۆش، سول تەرىپىمگە قارىسام سۇ بېرىسەن. مەن گۆش بىلەن، سۇنىڭ قۇۋۋىتى بىلەن ئۇچۇپ كېتىۋېرىمەن. براق مەن ئۇچقاندا ھەر ئىككىڭلار كۆزۈڭلارنى يۇمۇۋالىسىلەر. تەلپىمنى قاندۇرساڭلار توسالغۇسىز ئۇچالايمەن.

كەنجى ئوغۇل سۇمۇرغ قۇشنىڭ ئېيتقىنىنى ئېسىدە مەھكەم تۇتۇپتۇ. تاغاردىكى شىپالىق ئالمىنى، سۇمۇرغ ۋە گۆشنى سۇمۇرغ قۇشنىڭ ئۈستىگە ئارتىپتۇ. ئاندىن مەلىكە بىلەن ئىككىسى قۇشنىڭ ئۈستىگە مىنىپتۇ.

— كۆزۈڭنى يۇم! — دەپتۇ سۇمۇرغ قۇش.

كەنجى ئوغۇل بىلەن مەلىكە كۆزىنى يۇمۇپتۇ. قۇش ئۈچ كېچە-كۈندۈز ئۇچۇپتۇ. ئاخىر ھېلىقى قودۇقنىڭ بېشىغا چىقىپتۇ. كەنجى ئوغۇل قارىسا ئۆزىنىڭ ئېتى تېخىچە شۇ جايدا ساقلاپ تۇرۇپتۇ. كەنجى ئوغۇل قودۇق بېشىدا سۇمۇرغ قۇش بىلەن خوشلىشىپتۇ.

مەلىكە بىلەن كەنجى ئوغۇل ئېتىغا مىنىپ شىپالىق ئالمىنى ئېلىپ ئۆز ئوردىسىغا يېتىپ كەپتۇ. ئوردا ئەھلى كەنجى ئوغۇلنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ پادىشاھقا خەۋەر قىپتۇ. پادىشاھ ھېلىغىچە بىتاپ ياتقان ئىكەن. كەنجى ئوغلى ئېلىپ كەلگەن شىپالىق ئالمىنى ئاتىسىنىڭ بۇرنىغا پۇرۇتۇپتۇ. پادىشاھ سەل جانلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. كەنجى ئوغۇل ۋە مەلىكە بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. پادىشاھ شىپالىق ئالمىدىن بىر نەچچىنى يەپ ساللىمازا ساقىيىپ كېتىپتۇ. مەلىكە بىلەن كەنجى ئوغۇلنىڭ توينى 40 كېچە - كۈندۈز ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ، مەلىكە بىلەن كەنجى ئوغۇلمۇ مۇراد - مەقسىتىگە يېتىپتۇ. پادىشاھ قېرىغاندىن كېيىن خانلىقنى كەنجى ئوغلىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ، كەنجى ئوغۇل يۇرتنى ئادىل سوراپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

توپلىغۇچى: تۇرسۇن ئۆمەر (يەكەن ناھىيەلىك رادىيو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدىن)

# ئۇيغۇر مۇقامىنىڭ يېڭى باھارى



يالقۇن ياقۇپ

## ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى

ئۇيغۇر مۇقاملىرى ـ «ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ مىڭلىغان يىللاردىن بېرى داۋاملىق تاۋلىنىپ كەلگەن بەدىئىي تەپەككۇر كرىستالى، ئېستېتىك ھېسسىياتىنىڭ مۇزىكىلىق چەشمىسى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى دۇنياسى ۋە ئىجادىي ئىقتىدارىنى نامايان قىلىدىغان، ئۇيغۇر خەلقىنى دۇنياغا، كەلگۈسىگە تۇتاشتۇرىدىغان مۆجىزىلىك ھېكمەتنامە. ئۇ مەنبە ـ ئېقىملىرى، ئەلنەغمە ۋە كلاسسىك شەكىللىرى، بەدىئىي تۈزۈلمىسى ۋە قىممىتى جەھەتتىن ئاجايىپ جەلپكار مەنىۋى، تارىخىي خەزىنە، ئۇلۇغ مەدەنىيەت ئېقىمى».

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكا سەنئىتىنىڭ ئانىسى، ئۇ بىر ۋاقىتتا، بىر يەردە، بىرەر شەخس تەرىپىدىن بىراقلا ئىجاد قىلىنغان ئەمەس. ئۇ ئۇيغۇر فولكلورىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئەللىق، ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن. ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ ئاساسى ئۇيغۇر خەلق ئارىسىدىكى ئەلنەغمە مەشرەپلەر بولۇپ، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق قەدىمكى ئەجدادلىرىنىڭ ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، تېرىقچىلىق، دىنىي مۇراسىم، توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ قاتارلىق يىغىلىش پائالىيەتلىرى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ خۇشاللىق ـ كۈلكىسى، غەم ـ قايغۇسى، يىغا ـ زارى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ، ئاددىي قوپاللىقتىن ئىلمىي رىتىمغا راۋاجلىنىپ، ئاددىي ئاۋازدىن يېقىملىق، جەڭگىۋار مۇزىكا رىتىمىنى شەكىللەندۈرۈپ، تەدرىجىي بېيىش ئاساسىدا ھازىرقى مۇكەممەل مۇقام سەنئىتى شەكىللەنگەن. ئۇيغۇر مۇقامى ئۇيغۇر رىتىم ـ تېمپىلىق سەنئىتىگە ئاساس سالغان. ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ تۆرەلمىسى بولغان مۇزىكا، ناخشا، بېيىت ـ قوشاق، ئۇسسۇل، مۇراسىم ياكى مەشرەپ خاراكتېرلىك ئومۇم ئويۇن پائالىيەتلىرى يازما تارىختىن ئىلگىرى، يەنى مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇيغۇرلارنىڭ مۇقام سەنئىتى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نامى پەيدا بولۇشتىن بۇرۇن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي ئەجدادلىرى تەرىپىدىن كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا (يەنى «غەربىي يۇرت»تا) مەيدانغا كەلگەن.

قەدىمكى خەن ـ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت

«كۆسەن نەزمىلىرى» غەربىي يۇرتنىڭ «كۆسەن خانلىقى (كۇچا)»دا تارقالغان. «سۇلى نەغمىلىرى» غەربىي يۇرتنىڭ «سۇلى بەگلىكى (قەشقەر)»دە تارقالغان. «قۇجۇ نەرمىلىرى» غەربىي يۇرتنىڭ «قۇجۇ بەگلىكى (تۇرپان)»گە تارقالغان. «ئۇدۇن نەرمىلىرى» «ئۇدۇن ئېلى (خوتەن)»گە تارقالغان. «ئېۋىرغول نەزمىلىرى» مەركىزىي ھۆكۈمەتكە بىۋاستە قارايدىغان «ئېۋىرغول ئايمىقى (قومۇل)» دا تارقالغان نەزمىلەر ئاستا-ئاستا يىپەك يولى ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەرگىچە يېتىپ بارغان.

ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىدا قەدىمدىنلا ناخشا-مۇزىكىنى ياخشى كۆرىدىغان، ناخشا-كۈيلەرگە ھېرىسمەنلىك ئەنئەنىسى بولغان. «غەربىي پايتەخت خاتىرىلىرى»نىڭ 3-جىلدىدا، خەن سۇلالىسىنى قۇرغان گاۋزۇ پادىشاھنىڭ خانىشى چى فۇرىننىڭ ئايال كۈتكۈچىسى جياپېلىيەنىنىڭ يۇتيەن (ئۇدۇن) نەغمىسى»نى ئۆينىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. «ۋېينامە. قاڭقىللار تەزكىرىسى»دە: «بېيخۇ باتۇرلۇقتا ھەممىنى بېسىپ چۈشەتتى، نەيزە ئۆينىتىپ جەڭگە ئاتلانسا ھېچكىمگە ئوخشىمايتتى... شۇڭا رەسىدە بولغان قىزلار: ئەر بولسا بېيخۇدەك بولسا دەپ ناخشا ئېيتىشاتتى» دېگەن خاتىرە بار. بۇ خاتىرىلەردىن قاڭقىل قەبىلىسىدە ناخشا توۋلاپ باتۇرلۇقنى مەدھىيەلەيدىغان، ناخشا-كۈيلىرى بىلەن ئەل-يۇرتنى كۈيلەيدىغان، قەلبىنى ئىزھار قىلىدىغان ئەنئەنىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. تاڭ دەۋرىدىكى چوڭ كۈي «خۇۋېي ئايمىقى»نىڭ «پو» نەغمىسىنىڭ «ئۇيغۇر ئاھاڭى» ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات بار.

ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى مەدەنىيىتى يۇقىرىقىدەك بىر قانچە دەۋرلىك ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق بېيىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ، 16-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە يەركەن خانلىقى (ھازىرقى يەكەن ناھىيەسىدە)نىڭ ئوردا مۇزىكا ئۇستازى قىدىرخاننىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى، خانىش ئامانىساخاننىڭ بىر قانچە يىللىق جاپالىق تىرىشىشى، يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىشى نەتىجىسىدە ئون ئىككى يۈرۈش مۇقامنى توپلاپ، رەتلەپ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن. ئامانىساخان توپلاپ رەتلىگەن ئون ئىككى يۈرۈش مۇقامى (كەڭ خەلقتىن توپلاپ كېلىنگەن ھەر خىل مۇقاملار رەتلىنىپ بىر پۈتۈن مۇكەممەللىككە ئىگە بولغان) ھازىرقى «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»دېگەن نام بىلەن ئاتالغان.

## ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ تارقىلىشى

ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ھاياتىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان بوستانلىقلارنى بويلاپ تارقالغان بولغاچقا، بوستانلىق مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. دۇنيادىكى مۇقام سەنئىتىمۇ ئاساسلىقى يەر شارىنىڭ شىمالىي قۇتۇپىغا يەنى ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپادىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قىتئەدىكى جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستان، ئەزەربەيجان، ھىندىستان، پاكىستان، ئافغانىستان، ئىران، ئىراق، سۇرىيە، تۈركىيە، مىسىر، لىۋىيە، تۇنىس، ئالجىرىيە، ماراكەش، ماۋرىتانىيە قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونغا تارقالغان. دۇنيادىكى مۇقاملار ئىچىدە ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى ئەڭ باي، ئەڭ مۇكەممەللىككە ئىگە بولۇپ، مۆجىزە خاراكتېرلىك مەدەنىي مىراس دېيىشكە بولىدۇ.

«جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى»نىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە بۈيۈك ئەسىرى «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» بولۇپ، ئۇنىڭ قاتارىغا يەنە «دولان مۇقامى»، «تۇرپان مۇقامى» ۋە «قومۇل مۇقامى» قاتارلىق يەرلىك مۇقاملارمۇ تەۋە. «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ ۋە ئىلى قاتارلىق رايونلاردا كەڭ تارقالغان.

«دولان مۇقامى» ئاساسەن، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي گىرۋىكىدىكى يەكەن دەرياسىدىن تارىم دەرياسىغىچە بولغان ئىككى قىرغاقتا، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەكەن، مەكىت، مارالبېشى ناھىيەسى، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاۋات ناھىيەسىدە مەركەزلىك تارقالغان.

«تۇرپان مۇقامى» ئاساسەن تۇرپان شەھىرى، پىچان ۋە توقسۇن ناھىيەسىگە تارقالغان.

«قومۇل مۇقامى» قومۇل شەھىرى بىلەن ئاراتۈرۈك ناھىيەسىگە تارقالغان.

## ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بايان قىلىشتا گەپنى ئاۋۋال «مۇقام» ئىبارىسىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. «مۇقام» سۆزى ئېتنولوگىيەلىك جەھەتتە قەدىمكى ئۇيغۇر كۆسەن-تۇخار تىلىدىكى «مەقەۋمە» -





maka-yama سۆزىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بولۇپ، «چوڭ نەغمە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ «ئورۇن»، «دەرىجە» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئەرەبچە «مۇقام» سۆزى بىلەن ئاھاڭداش بولۇپ، تىلىمىزغا «مۇقام» بولۇپ ئۆزلەشكەن. ئەرەبچىدە «مۇقام» سۆزى ئورۇن چۈشەنچىسى: قائىدە، ئۆلچەم، قانۇن، شەكىل، قېلىپ چۈشەنچىسى: تون، فورىما، گامما، كۈي شەكلى چۈشەنچىسى؛ كۈي ئاھاڭى، مۇزىكىلىق كۈي چۈشەنچىسى؛ مېلودىيە چۈشەنچىسى؛ «پەۋقۇلئاددە مۇزىكا ئىجادىيەت ئۇسۇلى» چۈشەنچىسى؛ مۇزىكا ژانىرى، مۇزىكا تۈرى ئەركىن ئۇدار چۈشەنچىسى، ئىختىيارى ئورۇنداش چۈشەنچىسى قاتارلىقلارنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى مۇزىكا، شېئىر، ناخشا، ئۇسسۇل، تىياتىر ۋە تۇرمۇش مەدەنىيىتىنىڭ تىزمىسىز، چېچىلاڭغۇ فولكلور شەكلى بولماستىن، ئەكسىچە مۇزىكىلىق تاۋۇش سىستېمىسىنى ئەركىن رىتىملىق كۈيلەرنى ئىلمىيلىك ئاساستا مۇكەممەللىككە ئىگە قىلغان.

«مۇقام» ئىبارىسى مەركىزىي ئاسىيا مۇجەسسەم مۇزىكا تىزمىلىرى ۋە ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا مۇزىكىلىق ژانىر نامى بولۇپ قارار تېپىشتىن ئىلگىرىكى تارىخىي دەۋرلەردە بۇ مۇجەسسەم كۈي-نەغمە تىزمىلىرى ھەر خىل ناملاردا ئاتىلىپ كەلگەنلىكى مەلۇم.

ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ خەلقچىللىق ئالاھىدىلىكى ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ جەۋھىرى بولغان «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» ۋە تەركىبىي قىسمى بولغان «دولان مۇقامى»، «تۇرپان مۇقامى»، «قومۇل مۇقامى» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا كەڭ ئۇيغۇر خەلق ئاممىسى ئارىسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، مۇقام سەنئىتى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئېغىزدىن-ئېغىزغا تارقىلىش شەكلى ئارقىلىق تەرەققىي قىلغان، مۇكەممەللەشكەن. يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك مۇقام سەنئىتى ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇقام سەنئىتى ئۆسۈپ يېتىلگەن تۇپراق ۋە ئۇ ئەكس ئەتتۈرگەن چوڭقۇر مەزمۇن ۋە لىرىك ھېسسىيات ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ بارلىق ساھەلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ،

پۈتكۈل خەلق تۇرمۇشنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر مۇقام «چوڭ نەغمە»، «داستان»، «مەشرەپ» قاتارلىق ئۈچ بۆلەكتىن تەركىب تاپقان. «ئون ئىككى مۇقام»دىكى ھەر بىر مۇقامدا 20 دىن 30 غىچە مۇزىكىلىق كۈي بولۇپ، ئورۇنداشقا ئىككى سائەتكىچە ۋاقىت كېتىدۇ. ئون ئىككى يۈرۈش مۇقامدا ناخشا مۇزىكىلىرى، چالغۇ مۇزىكىلىرى ۋە ئۇسسۇل مۇزىكىلىرى ئۈچ يۈز ئاتمىش ئەتراپىدا بولۇپ، ھەممىسىنى تولۇق ئورۇنداپ بولۇشقا 24 سائەت ئەتراپىدا ۋاقىت كېتىدۇ. لېكىن ھەرقايسى رايونلارغا تارقالغان مۇقام نۇسخىلىرى ئوخشاش بولمايدۇ.

ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ بەدىئىي جەزبىدارلىقى مۇزىكىلىق فورماتسىيە ئالاھىدىلىكى بولغانلىقىدا. بۇ ئالاھىدىلىك ئۇنىڭدىكى ژانىر، قۇرۇلما، ئاھاڭ، كۈي، ئۇدار، رىتىم، مېلودىيە، راۋاجلاندۇرۇش ئۇسۇلى، ئىپادىلىنىش شەكلى ۋە چالغۇلارنى ئىشلىتىش قاتارلىق كۆپ تەرەپلەر ئارقىلىق نامايان بولىدۇ.

«ئون ئىككى مۇقام»نىڭ مۇزىكا ئۆزگىرىش ئالاھىدىلىكى «ئون ئىككى مۇقام»دىكى ھەر بىر مۇقامدا ئاساسىي مۇزىكىلىق ئاھاڭ بىلەن تېماتىك مېلودىيەنىڭ باشتىن-ئاياغ داۋاملىشىدىغانلىقىنى، ئۇدار بىلەن رىتىمنىڭ بىرلىششى ئارقىلىق «تاكتلىق» ئۆزگىرىش كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىق ئورۇنداش ئۇسۇلى بولىدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر مۇقام تېكىستلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇقام تېكىستلىرىنىڭ كۆيگە دەرھال ماسلىشىپ ئەۋجگە چىقىرىش يەنى مۇقام ئېيتىدىغان ھەرقانداق ئەلنەغمىچى ئوخشىمىغان سورۇندا مۇقامنىڭ ئوخشاش بىر كۆيىگە مۇقام ئېيتىماقچى بولغاندا، بەھىر ئوخشاش، لېكىن مەزمۇنى ئوخشاش بولمىغان تېكىستنى دەرھال سەپلەپ ئېيتالايدۇ. بۇ تېكىستلەر باشلاپ ئېيتىدىغان ئەلنەغمىچىنىڭ كاللىسىدا دەرھال پەيدا بولىدۇ. بىر نەچچە ئەلنەغمىچى بىرلىكتە ئولتۇرۇپ، مۇقام كۆيلىرىنىڭ بىرەرىگە مۇقام ئېيتقاندا ھامان بىرەيلەن باشلامچى بولىدۇ. ئۇ تولۇماقچى بولغان مۇقامنىڭ بېشىنى باشلاش بىلەنلا قالغانلار بىرلىكتە قوشۇلىدۇ. مۇقام ئېيتىدىغانلار كۆپ بولغان ئەھۋالدا، بىر ياكى ئىككى ئادەم مۇقام ناخشىسىغا بىرلىكتە جور بولماي، ئەكسىچە كەيپىياتنى ئەۋجگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن «قاينا»، «قايناپ»، «بەللى»، «ياشاپ كەت»، «ئاجايىپ». «ۋاي ئاللا...» دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلىتىپ سورۇننى جانلاندۇرىدۇ. ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئاساسەن كۈي ئارقىلىق تېكىستنى بېكىتىش پىرىنسىپىغا ئاساسلىنىدۇ دېيىش مۇمكىن. يەنى مۇنداقچە ئېيتقاندا كۈي ئاھاڭلىرى ئاۋۋال شەكىللىنىپ، تېكىستلەر كېيىن سەپلەنگەن دېيىش مۇمكىن.

ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى، ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى بەدىئىي جەھەتتە كۆپ خىللىق، ئۇنىۋېرساللىق، مۇكەممەللىك، ئىختىيارلىق، ئاممىۋىلىق ۋە ئورتاقلىق قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، ئورتاقلىق جەھەتتە مەيلى «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» بولسۇن ۋە ياكى «دولان مۇقامى»، «تۇرپان مۇقامى» ۋە «قومۇل مۇقامى» قاتارلىقلار بولسۇن يىلتىزى، مەزمۇنى ۋە ئورۇنداش ئۇسلۇبى ئاساسەن ئوخشاشلىققا ئىگە.

ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىدىكى چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىدە قوللىنىلىدىغان چالغۇ ئەسۋابلار ئۆزگىچىلىككە، مىللىيلىككە ۋە كۆپ خىللىققا ئىگە بولۇش ئاساسىدا، بىر سازنى ئاساس قىلىپ ئورۇنداش ياكى بىر قانچە سازنى ئاساس قىلىپ ئورۇنداش ۋە ياكى كۆپ خىل سازنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنداشتەك ئەركىن، جانلىق ماسلىشىشچانلىقتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئۇيغۇرلارنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرى ئىنتايىن مۇكەممەللىككە ئىگە بولۇپ، ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان. ھازىرغا قەدەر بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ۋە ئومۇملاشقان چالغۇلاردىن 30 نەچچە خىلى بار بولۇپ، كەڭ ئىشلىتىلىۋاتقان تارلىق چالغۇلاردىن ساتار، تەمبۇر، دۇتار، راۋاپ، غېجەك، قالۇن، چاڭ؛ سوقما چالغۇلاردىن داپ، ناغرا؛ يەللىك پۈۋلىمە چالغۇلاردىن سۇناي، بالىمان (خوتەن رايوندا ئومۇملاشقان)، نەي قاتارلىقلار بولۇپ، يېقىنقى دەۋرلەرگە كەلگەندە يەنە تارلىق چالغۇلاردىن خۇشتار، دىلتار، ئىسكرىپكا؛ پۈۋلىمە چالغۇدىن بالىمان قاتارلىق چالغۇلار قوشۇپ ئىشلىتىلمەكتە. سوقما چالغۇلاردىن سىرپاي، تاش، قوشۇق قاتارلىق بەزى يەرلىك چالغۇلار مۇقام مۇزىكىلىرىنى ئورۇنداشتىكى ئىستېمالدىن قېلىۋاتى-

دۇ. گۇنىگدىن باشقا دولان راۋابى، دولان غىجىكى، قومۇل غىجىكى (خۇخۇزى)، قومۇل راۋابى (دولان راۋابىغا ئوخشاپ كېتىدۇ) قاتارلىق چالغۇلارمۇ شۇ يەرلىك مۇقاملارنى ئورۇنداشتا ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە.

## ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ ئەل ئىچىدە يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان مەسىلىلەر

ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى نەچچە مىڭ يىللىق تارىخي تەرەققىيات جەريانىدا نۇرغۇن بوران - چاپقۇنلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولۇپ، بۇ جەريانلاردا گۈللىنىش بىلەن خارابلىشىش تەكرار يۈز بەردى. ئىبغىر جاھالەتلىك دەۋرلەردىمۇ ئەقىل پاراسەتلىك ئۇيغۇر خەلقى مەۋجۇتلا بولىدىكەن ھەر قانداق ئىبغىر شارائىتتىمۇ ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكىنى ئەقىل ئىدراكىنىڭ ئەڭ تۆرىدە ساقلاپ، قوغداپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد مىراس قالدۇرۇپ، بۈگۈنكىدەك ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بولغان دەۋرگىچە ئۇلاشتۇردى. قىسقىسى، ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى ئۆز تارىخىدا ئوتتۇرا ئەسىرگە كەلگەندە ئىسلامىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، يوقىلىش گىردابىدىن ئاستا-ئاستا ئىسلامغا ئۇيغۇنلىشىشنى تاماملاپ، قايتىدىن تەرەققىي قىلدى. 17-ئەسىرنىڭ ئاخىرى غوجىلارنىڭ جاھالەتلىك مالىمانچىلىق دەۋرىدە يەنە بىر قېتىم ئىبغىر كۆلپەتكە دۇچار بولدى، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ھەمدە مۇقام سەنئىتى خارابلىششقا يۈزلەندى. مۇقام سەنئىتى ئىبغىر قىيىن شارائىتتىمۇ ئەل ئارىسىدا ساقلىنىپ، 1940-يىللارغا كەلگەندە «ئون ئىككى مۇقام»نى تولۇق ئورۇندىيالايدىغان ۋە ئېيتالايدىغانلاردىن قەشقەردىكى تۇردى ئاخۇن، قاسىم ئاخۇن، ئۆمەر ئاخۇن، خوتەندىكى سۇلايمان ئاخۇن، كۇچادىكى ئابلا ئاخۇن قاتارلىق ياشانغان بىر قانچە ئەلنەغمىچى ۋە ئۇلارنىڭ ئازغىنە شاگىرتلىرى قېلىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بۇ گىگانت ئەسىرى يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشى، سىياسەت، مەبلەغ جەھەتتىن زور دەرىجىدە قوللىشى ئاستىدا، مۇقامچىلاردىن تۇردى ئاخۇن، ئوغلى ھوشۇر ئاخۇن، روزى تەمبۇر قاتارلىق مۇقامچىلار ئورۇمچىگە تەكلىپ قىلىنىپ، ئۇلار ئورۇندىغان «ئون ئىككى مۇقام» تۇنجى قېتىم لېنتىغا ئېلىنغان. 1955-يىلىنىڭ باشلىرىدا تۇردى ئاخۇن قاتارلىق مۇقامچىلار ئىككىنچى قېتىم ئورۇمچىگە تەكلىپ قىلىنىپ، «ئون ئىككى مۇقام» لېنتىغا ئېلىنىش بىلەن بىرگە مۇقام تېكىستلىرى تەپسىلىي خاتىرىگە ئېلىنغان. 1958-يىلى بېيجىڭدىن كەلگەن ۋەن تۇڭشۇ قاتارلىق مۇزىكا مۇتەخەسسىسلىرى قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، لېنتىغا ئېلىنغان «ئون ئىككى مۇقام»غا ئاساسەن ئۇنى نوتىغا ئالغان، لېكىن 1950-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا گەۋدىلىنىشكە باشلىغان سولچىل خاھىش 1966-يىلىغا كەلگەندە تېخىمۇ باش كۆتۈرۈپ، خەلق ئاممىسى ياراتقان ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىنكار قىلىنىپ، ۋەيران بولۇش خەۋپىگە دۇچ كەلدى، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ۋەكىللىكىدىكى چېكىدىن ئاشقان سولچىل ئۇنسۇرلار نورمال ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەت-سەنئەت ئەركىنلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىلاسسىك تارىخي مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام»غىمۇ قانداقتۇر «قارا يىپ»، «چەت ئەل ئىشق كۈيلىرى» دېگەندەك بەتناملارنى چاپلاپ، ئۇنى يوقىتىشقا ئۇرۇندى. دېمەك، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىلاسسىك تارىخي مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» 3-قېتىملىق يوقىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنىپ، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغاندىن كېيىن، «ئون ئىككى مۇقام» يەنە قايتىدىن گۈللىنىش باھارىنى كۈتۈۋېلىپ، تەرەققىيات دەۋرىگە ۋە قوغداش، رەتلەش جەھەتتە مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، 80-يىللارنىڭ ئاخىرلىرى، يەنى ئۇچۇر دەۋرىگە قەدەم قويغان دەۋرلەردە، زامانىۋىلىشىش ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ تەرەققىياتىغا ماس ھالدا، ئالاقە ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ ھەممە يەرگە سىڭىپ كىرىشى بىلەن مىللىتىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شەكلى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە مەدەنىيەت سەنئىتى سىرتقى مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، بوستانلىق بىلەن سىرتنىڭ تۇرلۇك ئالاقىسى، بولۇپمۇ مەدەنىيەت ئالاقىسى بارغانسېرى قويۇقلىشىپ، مەدەنىيەت سەنئىتىمىزنىڭ غەربلىششنى قارىغۇلارچە قوبۇل قىلىپ، شالىنى چىقىرىپ تاشلاپ، جەۋھىرىنى قوبۇل قىلىشقا سەل قاراش سەۋەبىدىن، يەرلىك ئەلنەغمىچىلەر داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر مۇقاملىرى يېڭى دەۋر كىشىلىرىنىڭ قەلبىدىن ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، يەرلىك ئەلنەغمىچىلىككە ئىشتىياق باغلايدىغانلار يوق دېيەرلىك ئورۇنغا

چۈشۈپ قېلىپ، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» ۋە يەرلىك مۇقاملارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ تولۇق ئورۇندىيالايدىغانلار ساناقلىقلا قالدى. ئىجتىمائىي فورماتسىيە ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە جەھەتتىكى تېز سۈرئەتلىك ئۆزگىرىش شۆھرەتپەرەسلىك، مەنپەئەتپەرەسلىك ۋە پۇلپەرەسلىكنى ئومۇمىي يۈزلۈك ھالەتكە ئايلاندۇرۇپ قويۇشى بىلەن، پۈتكۈل جەمئىيىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت سەنئىتىمىزگە كۆڭۈل بۆلمەسلىك ۋە مىللىي مەدەنىيەت سەنئىتىمىزنىڭ نىسپىي مۇقىملىقىنى ساقلاشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىكتەك پايدىسىز ھالەتنىڭ شەكىللىنىشىگە كەڭ مەيدان ھازىرلاندى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئەنئەنىۋى ھېيت - بايرام قاتارلىق مۇراسىم شەكىللىرىنىڭ خەلق قەلبىدىكى خاتىرىسى كۈنسايىن سۇسلىدى. مەشرەپ، بەزمە قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئاممىۋى پائالىيەتلەر ئازايدى. كومپيۇتېر، تېلېۋىزور، ناخشا قويغۇچ قاتارلىق زامانىۋى تارقىتىش ۋاسىتىلىرىنىڭ ياردىمىدە، غەربنىڭ تولغىما ئۇسسۇل، دىسكو، رەپ ۋە جاز مۇزىكىلىرى قاتارلىق «زامانىۋى ناخشا مۇزىكىلار» نىڭ كۈندە دېگۈدەك غىدىقلىشى تەسىرىدە دەۋر ياشلىرىمىزنىڭ ئېستېتىك قىزىقىشىنى ئۆزگەرتىۋېتىش بىلەن بىرگە ئۇلار ئارىسىدا تېز تارقىلىپ، «غەرب مۇزىكىلىرى قىزغىنلىقى» خاھىشىنى شەكىللەندۈردى. مۇقاملارنىڭ تېكىستلىرى قەدىمكى چاغاتاي تىلىنىڭ كۆپ قىسىم تەسىرىنى ساقلاپ كەلگەن بولغاچقا، ئۆگەنگۈچى ۋە ئاڭلىغۇچىلاردا تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمەسلىك تۇيغۇسى پەيدا بولۇپ، مۇقاملارنىڭ تارقىلىشى ۋە خەلق ئاممىسىغا بولغان تەسىرلەندۈرۈش كۈچى بارغانسېرى ئاجىزلاپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ياشلىرى، ئۆسمۈرلىرى مۇقام ۋە ئۇ ۋەكىللىك قىلغان ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ تارىخىي قىممىتىدىن خەۋەرسىز قالدى. يەنى 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدا دەۋرىمىز ياشلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان تولغىما ئۇسسۇل (ياۋبەيۋۇ، دىسكو («دىسكو چولپىنى» فىلىمىدىكى چولپان جىمى)نىڭ «ئىلھامى» بىلەن دىسكو قىزغىنلىقى، 80 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا بولسا ھوللىۋۇدنىڭ بىر يۈرۈش ناخشىلىرىنىڭ تەسىرىدە چاقماق ئۇسسۇلى (فېي لىيۇۋۇ) مەشرەپ سالونلىرىمىزنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، كەڭ پائالىيەت سورۇنلىرىمىزدا سارائلارچە ئەۋج ئالدى. 90 - يىللاردا بولسا چەتئەلنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل مەدەنىيىتىنى قارىغۇلارچە قوبۇل قىلىش ئاز كېلىپ قالغاندەك، ئۇلارنىڭ توي مەرىكە پائالىيەتلىرىدىكى ئۆرپ - ئادەتلىرى ئۆز پېتى قوبۇل قىلىنىپ، شەھەر - بازارلاردىن ھالقىپ، يېزا قىشلاقلارغىچە كېڭىيىپ، توي كىيىمى، توي يۈتكەش، توي زىياپىتىدىكى مەيخورلۇق (ۋىنچىركا) ۋە شېقىقلاردەك ئالىتاغىل سەكرەپ دىسكو ئويناشلار تېز ئومۇملاشتى. 2000 - يىللارغا كەلگەندە بولسا رېستوران، يەر ئاستى دىسكو كۇلۇبى (دىبا) قىزغىنلىقى كەڭ ئەۋج ئېلىپ، مىللىي ئۇسسۇل ۋە مۇزىكىلىرىمىزنىڭ ئورنىغا دەسسەپ، تانسا ۋە دىسكو كەڭ ئەۋج ئالدى. جەمئىيىتىمىز ياشلىرى ئارىسىدا بولسا جېكسون، فېيشياڭ، جاۋ ۋېي (شياۋيەنزى)، جۇجېيلۇن، مادوننا، شاكىرا، شارۇلخان، شاھزاد ئانسامبلى، ئۆزبېكىستانلىق «ئۈچ گۈل» قىزغىنلىقى قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىدە نۇرغۇن تېتىقسىز ناخشا - مۇزىكىلار جەمئىيىتىمىزدە كەڭ تارقالدى؛ ئالايلۇق «ناخشامنىڭ ساداسى...»، «چىدىمايمەن...»، «...ئەمدى مەن كېتەر بولدۇم...»، «... يۈرۈگۈم تاش-



قارىغاش... يوغانباش...»، «... يامغۇر ياغدى قار
ياغدى...»، «... ئىنو ئىنونى...»، «... شەپكىسى بار...
كەپكىسى بار...» قاتارلىقلارنى مىسال قىلىش يېتەرلىك.
يېقىنقى يىللاردا بولسا جاھانگىر ئانسامبلى، بۆجەلەر ئانـ
سامبلى، رەپ مۇزىكا ئەترىتى، خىپ-خوپ ناخشىلىرى،
كىرىشتۈرمە ناخشا (DJ) قاتارلىق تېخىمۇ تېتىقسىز، كىشىـ
نىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرىدىغان، قوپال بىمەنە ناخشا-ئۇسـ
سۇللار دەۋرىمىزدىكى بىر قىسىم ياشلار-ئۆسمۈرلەرنى
زەھەرلەپ، ئۇلارنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلدى. بۇنىڭ بىلەن
جەمئىيىتىمىزدىكى بىر قىسىم نادان قىزلارنى (ئالىي
مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ)
ئەدەپسىز، قېلىن، ھاياسىز، رەتسىز، ئىرادىسىز، ئالۋاستى
سىياقىغا كەلتۈرۈپ قويدى. ئۇ قىزلار بىر تەرەپتىن چاچـ
لىرىنى ئالتۇنباش، بايراقباش، سۆسىن چاچ قىلىپ بويىۋالـ
سا، يەنە بىر تەرەپتىن چىرايلىق قاشلىرىنى قىرىپ،
چەتنىڭ رەزگى خوتۇنلىرىدەك قاش چېكىشنى ئادەت قىـ
لىۋالدى. ئۇلارنىڭ گىرىملىرى ۋە كىيىملىرىنى تىلغا ئېلىشـ
قا ھەقىقەتەن نومۇس قىلىمىز، خۇددى ھىندىستاننىڭ
ياتلىق قىلىنغان ئاياللىرىدەك بۇرنىنى تېشىشلەر، يەنە
تېخى ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئۇنتۇغان ھالدا كالپۇكى ۋە كىنـ
دىكلىرىنى تېشىپ مۇنچاق ئېسىشلار، نومۇسسىزلارچە رەـ
زىللىك بىلەن يېرىم يالىڭاچ ئۇسسۇل ئويناشلار، يەنە
قىسمەنلىرىنىڭ مودا قوغلىشىپ تاماكا چېكىشلىرى... ئوـ
غۇللىرىمىزنىڭ بىر قىسمىدا بولسا زەيپانىلىك، روھسىزـ
لىق، نامەردلىك، جېدەلخورلۇق، ئوغۇللۇق جاسارەت
كەم بولۇش، ئەرلىك غۇرۇرنى ئۇنتۇپ خېنىم تاجىلىق
يەنى ئاياللارچە كىيىنىش، ئاياللارچە چاچ قويۇش، چاچلىرىنى
بوياقچىنىڭ رەڭ قازىنىغا چۈشۈپ كەتكەن مۈشۈكتەك
ئالا-يېشىل بويىۋېلىش، ھەتتا ھەددىدىن ئېشىپ قۇلاق
تېشىشلەر، شورىكلارچە مەيخورلۇق، بەڭگىلىك، قىمارۋازـ
لىق قاتارلىق رەزىل ئادەتلەرنىڭ ئەۋج ئېلىشى بىلەن
ئەنئەنىۋى ناخشا - مۇزىكىلارنىڭ ياشلىرىمىز ئارىسىدىكى
ئورنى تېخىمۇ تۆۋەنلەپ كەتتى. بۇ ئەھۋاللارنى كۆرگەنـ
دە، مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسى ئانىلىرى بولغان بۇ قىزلارغا،
مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىگىلىرى بولغان بۇنداق ياشلارـ
غا نەزەر سالغىنىمدا ئېچىنىش ۋە ئۆكۈنۈش ئىچىدە بالـ
لىق چاغلىرىمنى ئەسلەپ قالىمەن، بىزلەر كىچىك ۋاقىتلاـ
رىمىزدا مەشرەپ بولىدىغانلىقنى ئاڭلاپلا قالدىكەنمىز،
مەھەللىدىن مەھەللە ئاتلاپ ھەتتا قوشنا يېزىلارغىچە
بېرىپ، مەشرەپلەرگە قاتنىششقا مۇيەسسەر بولالمىساقمۇ
كۆرۈشكە نائىل بولاتتۇق. قىستاڭچىلىقتا كۆرەلمەي
قالساق تاملارغا يامىشىپ ياكى دەرۋازا يوچۇقلىرىدىن
مارىلاپ كۆرەتتۇق. سەپەر كارۋانلىرى ۋە ھارۋىكەشلەرـ
نىڭ كېچىلىرى ئۈزۈندىن-ئۈزۈنغا ناخشا توۋلاشلىرى ۋە
نەي، راۋاپلارنى چېلىشىپ، ئۇيقۇغا كەتكەن كېچە جىمـ
جىتلىقنى يېقىملىق كۈيلەر بىلەن ئاۋۇندۇرۇپ ئۆتۈشى،
قەلبىمىزدىكى كېچە قاراڭغۇسىنى نەغمە-كۈيلەر بىلەن نەـ
لەرگىدۇر غايىب قىلاتتى. ئىشەنچ ۋە باتۇرلۇق تۇيغۇسى
ئاتا قىلىدىغان نەغمىلەرنى پۈتۈن ئىشتىياقىمىز بىلەن دائىم
دېگۈدەك ئاڭلاپ تۇراتتۇق.

## ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنى قوغداش ۋە ۋارىسلىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى

ھازىر دۇنيا بويىچە پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ مۇقاملىـ
رىلا شەكىل ۋە قۇرۇلمىسى جەھەتتىن ئەڭ مۇكەممەل،
ھەجىم جەھەتتىن ئەڭ چوڭ، سان جەھەتتىن ئەڭ
كۆپ، تارىخى ئەڭ ئۇزاق بولغان بىردىنبىر سىستېمىـ
لىق يۇرۇشلەشكەن ئالاھىدە ئۇنىۋېرسال سەنئەت
شەكلى ھېسابلىنىدۇ.

«ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» مىراسلىرى، «مەدەـ
نىيەت مىراسلىرى»، «تەبىئەت مىراسلىرى» ۋە «غەيرىي
ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ
ئورتاق بايلىقى، دۇنيا مەدەنىيىتىدىكى كۆپ خىللىق ۋە
رەڭدارلىقنىڭ ئىپادىلىنىشى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇچقى. ئىنـ
سانىيەتنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىدىكى
ھەرقايسى مىللەتلەر ئۈچۈن ئالاھىدە بولغان مەنىۋى
قىممەت، تەپەككۇر شەكلى، تەسەۋۋۇر ۋە مەدەنىيەت
ئېڭى شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت سالاھىيىتىنى ۋە مەدەنىـ
يەت ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى قوغداشنىڭ ئاساسلىق تۈۋـ
رۈكى.

ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكىلىق مەـ
دەنىيەت سەنئەت خەزىنىسى بولۇپلا قالماي يەنە غايەت
زور ئىلھامبەخش ئاتا قىلغۇچى مەكتىپى ھېسابلىنىدۇ.
شۇڭا ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنى مائارىپقا سىڭدۈرۈش
زۆرۈر. بۇ جەھەتتە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يەكەن

ناھىيەسى بىلەن مەكىت ناھىيەسى ئاساسىي مائارىپ باسقۇچىدىكى ۋە كەسپىي مائارىپتىكى ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنى يەرلىك دەرسلىك قاتارىدا تەسىس قىلدى.

«جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى» 2005 - يىلى 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلتىماس قىلىشى بىلەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى» تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى. شۇنداقلا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 19 - يىغىنىدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنى قوغداش نىزامى» ماقۇللىنىپ، 2010 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنى قوغداش قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەتقىقاتىنىڭ سىرتىدا قالغان، ئۇنتۇلغان، بېكىنمە ھالەتتە تۇرغان پاسسىپ قىسمەتتىن ھەرقايسى ئەللەردىكى مەشھۇر مۇقام - مۇزىكا تەتقىقاتچىلىرى قىزىقىپ ئىزدىنىدىغان، تەتقىق قىلىدىغان، ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان مۇھىم تېمىغا ئايلىنىپ، ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ يەنە بىر قېتىملىق پارلاق باھارى يېتىپ كەلدى.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:


1. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىننىڭ «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» ناملىق كىتابى.
2. ئابدۇرەئۇپ تەكلىماكانىنىڭ «ئەسلىي يېزىلىشى بىلەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى» ناملىق كىتابى.
3. جۇ جىنىڭ «ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنىڭ جەۋھىرى مۇقام» ناملىق كىتابى.
4. ئابدۇكېرىم راخمان، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، شېرىپ خۇشتار قاتارلىقلار يازغان «ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى» ناملىق كىتاب.
5. سىماچيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر» ناملىق كىتابى.
6. «يېڭى تاڭنامە» ناملىق كىتاب.
7. ۋ. ۋ. بارتولدنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر تارىخى توغرىسىدا ئون ئىككى لېكسىيە» ناملىق كىتابى.
8. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتاب.
9. چيەنداۋ شىنىسىنىڭ «يىپەك يولىدىكى 99 سىر» ناملىق كىتابى.
10. تۇرسۇنجان لېتىپ (ياركەندى)نىڭ «جۇڭگو مىللىي مۇزىكىلىرى» ناملىق كىتابى.
11. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق كىتابى.
12. لىنگەننىڭ «ھونلارنىڭ ئومۇمىي تارىخى» ناملىق كىتابى.


(ئاپتور: خوتەن لوپ ناھىيەسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى)


# ماقالە قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۈگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىز ئۇنۋان ئالماقچى بولغان قېرىنداشلىرىمىزغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى، مەكتەپلەردىكى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ماقالىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

سەمىڭىزدە بولسۇن، «مىراس»تا ئېلان قىلىنغان ماقالىڭىز ئۇنۋان باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ. شۇڭا بىز بىلەن ئالاقىلاشقايسىز.

تېلېفون نومۇرى: 0991 ـ 4554017

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

# خوتەندىكى ئېكسپېدىتسىيە



نىلس ئامبولت Nils Ambolt شىۋېتسىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى بولۇپ، ئۇ سۋېن ھېدىننىڭ ماڭغان ئىزلىرىدىن مېڭىپ، 1928-يىلدىن 1933-يىلغىچە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئاسترونومىيە، گېئولوگىيە تەتقىقاتىدا بولغان ۋە سەپەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن 1938-يىلى بۇ قېتىملىق سەپىرى توغرۇلۇق «كارۋان» ناملىق كىتابنى يېزىپ قالدۇرغان.

## قاراڭغۇ تاغ

لاگرۇ يېزىسى خوتەندىن 25 مىل يىراقلىقتىكى كىچىك يېزا بولۇپ، ئۇ خوتەننىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. مەن ئۇ يەردە مېنىڭ سادىق موڭغۇل خىزمەتكارىم تومېس بىلەن تونۇشتۇم. ئۇنىڭدىن بۇرۇن خەنزۇ خىزمەتكارلىرىم بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سەممىيەتسىز چىقىپ قالدى. ئەڭ دەسلەپكىسى لاۋياڭ بولۇپ، ئۇ ئەسلىدە بىر لۈكچەككەن، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى ئوغرى بولۇپ چىقتى. ئاشپىزىمدا سىفلىس كېسىلى بار ئىكەن. بۇ خىزمەتكارلار مېنىڭ ھېچ تاقىتىمنى قويمىدى.

ئۇ ئاشپەزنىڭ كېسىلىنى مۇنداق بايقاپ قالدىم. بىر كۈنى مەن چاقچاق قىلىپ قول چىرىغىمنى ئۇ ئاشپەزنىڭ كۆزىگە قارىتىپ ياندۇردۇم. ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئىنكاس يوق بولۇپ، كۆز قارىچۇقلىرى قورقۇنچلۇق ھالدا قارا ۋە يوغانىدى. بىر سائەتتىن كېيىن ئۇ چېدىرىمدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەن بارلىق قاچا - قومۇچلارنى يودلۇق تۇز بىلەن دېزىنفېكسىيە قىلىۋەتتىم.

كېيىن مەن بۇ ئىشنى خۇمبىلغا سۆزلەپ بەرگىنىمدە ئۇ كۈلۈپ كېتىپ مۇنداق دېدى: «سىزنىڭ قىلغان دېزىنفېكسىيەلىرىڭىز ئاقمايدۇ. ئۇنىڭ بۇ باسقۇچتىكى كېسەللىكى ئاللىقاچان يۇقۇملىنىش دەۋرىدىن ئۆتۈپ كەتكەن».

كارۋان بېشى ئۇيغۇرچىدا ئارغۇن دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى موسا ھاجى ئىدى. ئۇ كىشى ئاۋرېل ستېيىننىڭ Aurel Stein ئېكسپېدىتسىيەسىدىمۇ ئىشەنچكە ۋە ئابرۇيغا ئېرىشكەنىدى.

تومېس مەن بىلەن بىرگە خوتەندە مېترولوگىيەلىك تەكشۈرۈشكە قاتناشتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن رۇس تىلىدا بىمالال سۆزلىشەلەيتتىم. مەن ئارىمىزدىكى بىر سۆھبەتنى تەرجىمە قىلىپ ئۆتەي: «قەلەم ئەمەس، بارومېتىر ياخشى ئىشلەۋاتىدۇ. مەن ياخشى، قەشقەردىكى چوڭ باي تۈنۈگۈن بۇ يەردە بولدى. كۈنىگە ئۈچ خوتۇن.» خەتتە تومېسنىڭ ياكى باينىڭ كۆپ خوتۇنلىرى بارلىقى ئېنىق ئەمەستى. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئانچە قىزىقمىدىم.

لاگرۇ قاراڭغۇ تاغنىڭ قاراۋۇلى بولۇپ، مال-ۋاران بېقىشقا ناھايىتى ماس كېلىدىغان جاي ئىدى. يازدا يۇرۇڭقاش ۋە قاراقاش دەريا بويلىرىدىن بۇ يەرگە نۇرغۇن

پادىلار كېلىپ - كېتىپ تۇراتتى. لېكىن قىش كۈنلىرى قوي بېقىشقا بولمايتتى.

لاگىرۇنىڭ ئاھالىسى كۆپ ئەمەس بولۇپ، يامان-ياۋداق ناملاردىنمۇ خالىي، تىنچ يېزا ئىدى. ئوتلاقنىڭ كەينىدە كوئېنلۇن تېغى سۇنايلىنىپ ياتاتتى. بىز مۇشۇ تاغنىڭ چوققىسى ۋە ئېتىكىدە يەرنىڭ تارتىش كۈچى ۋە ئورۇن بېكىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ باراتتۇق.

بىز داۋاندىن ئاتلىق ھالقىدۇق. تاغ داۋىنىدا ئوتلاق بولۇپ، نۇرغۇن سۇغۇرلار ياشايتتى. ئۇلار تاغنىڭ تۆپىسىدە ئولتۇرۇۋېلىپ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ خۇددى «يوق، يوق، يوق» دەۋاتقاندەك قىلىشاتتى. ئۇلار كامارلاردا ياشايدىغان بولۇپ، بۇ كامارلار بىزنىڭ ترانسپورت ھايۋانلىرىمىزغا بەزىدە خەۋپ ئېلىپ كېلەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا سۇغۇرنى ئوۋلاشقا بولمايدۇ دەيدىغان گەپ بار ئىدى. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بىر رىۋايەت بار:

بۇرۇنقى زاماندا پىشا دېگەن بىر يېزا بولۇپ، ئۇ يەردە بىر موللا بىلەن بىر ئاخۇن ياشايدىكەن. ئۇ يەردە مۇنبەت يايلاق بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇلار جېدەللىشىپ قاپتۇ، كامال موللا بۇ يايلاقنى مېنىڭ دەپتۇ، نىياز ئاخۇنمۇ مېنىڭ ئاتا مىراس جايىم دەپتۇ. كامال موللا ھىيلىگەر ئادەم ئىكەن، ئۇنىڭ قىزى ھەنىپخانمۇ ئەسكى قىز ئىكەن. ئۇلار بۇ دەۋانى خەلققە قويماقچى بوپتۇ ۋە خەلق توپلىنىشتىن بۇرۇن ھەنىپخان شۇ جايغا بىر ئورەك كولاپ ئۆزى ئىچىگە چۈشۈۋاپتۇ. كىشىلەر يىغىلغاندىن كېيىن كامال موللا كىشىلەرگە «ئەمىسە يەرنىڭ ئىگىسى كىم ئىكەنلىكىنى يەرنىڭ ئۆزىدىن سوراپ باقساق قانداق، ئاللا ئىگەم ئۆزى جاۋابىنى بېرىدۇ» دەپ تەكلىپ بېرىپتۇ. مويسىپىت كىشىلەر بۇ تەكلىپكە قوشۇلۇپتۇ. «يەرنىڭ ئىگىسى كىم بولۇر؟» بىر ئاقساقال سوراپتۇ. شۇ ئان يەرنىڭ تېگىدىن سادا كېلىپ كىشىلەر «كامال موللا!» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپتۇ.

ئاللا بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرۇپتۇ ۋە بىر خىزمەتكارنىڭ قىزىنى داۋغانغا ئايلاندۇرۇپ ۋە «ياق، ياق، ياق» دەپ ۋۇۋانغا كەلتۈرۈپ، يەر يۈزىگە چۈشۈرۈپتۇ. كىشىلەر بۇنىڭ ئاللا تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن مەبۇد ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۇ ئالدامچى موللىنىڭ ساقلىنى چۈشۈرۈپ، سەللىسنى ئېلىپ تاشلاپتۇ، ھەنىپخان «جالاپ» دەپ قارىلىپتۇ، بۇ تاشلاندۇق، يىرگىنىشلىك، مەينەت دېگەندەك مەنىلەردىكى سۆز.

مەن بىلەن بىللە ئات مىنىپ كېتىۋاتقان نىياز بەگ ماڭا بۇ رىۋايەتنىڭ ئاخىرىنى ئېيتىپ بېرىۋېتىپ «ئاپلا» دەپلا سول يۈتى داۋغان كامىرىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. مەنمۇ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە ئۆزۈمنى يەردە كۆردۈم. مەن دەرھال تۇرۇپ ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتىپ ئۆزىمىزنى ئوڭشىۋالدۇق، بۇ قېتىم پەقەت بىر تاللا قەلەمگە زىيان بوپتۇ، قەلەمنىڭ ئۇچى كېتىپ قالغانىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ مېنىڭ ئۈچىنچى قېتىم خەتەردىن قۇتۇلۇشۇم ئىدى.

قاراڭغۇ تاغدىكى كۆۋرۈك ئانچە مەزمۇتتەك قىلمايتتى، لېكىن بۇنىڭدىن ئون - يىگىرمە يىل بۇرۇنقى ھالىتىدىن كۆپ ياخشى ئىدى، بۇ ئاسما كۆۋرۈك ماڭا شۋېت شائىرى تېگنېرنىڭ مۇنۇ مىسرالىرىنى ئەسلەتتى: «ئوخشار ئىدى ئاسما كۆۋرۈك، گويا گۈزۈلۈمنىڭ چېچىدىكى لېنتىسىغا»، كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدىن ئالتە ئىنگلىز چىسى چوڭقۇرلۇقتىكى دەريا ئېقىپ ئۆتەتتى. كۆۋرۈكتىن ئات ئۇلاق ۋە كىشىلەر ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. ئۇلار ئۆتكەندە بىر ئادەم ئۇلاقنىڭ ئارغامچىسىنى تۇتسا، يەنە بىر ئادەم قۇيرۇقىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ ئۆتۈشەتتى. ئۇلار نېمىشقا كۆۋرۈكنى مەزمۇتراق ياسىمايدىغاندۇ دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن. توغرا، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ شارائىتىغا ماس سەۋەبلىرى بار ئىكەن. ھەر يىلى ئاۋغۇست ئايلىرىدا دەريا تاشىدىغان بولۇپ، دولقۇنلار كۆۋرۈكنى يالاپ شۇنداق قىلىپ قويغانىدى. ئاسىيالىقلاردا تەبىئەتنىڭ قارشىلىق كۈچىنىڭ رولى بىز ياۋروپالىقلارغا قارىغاندا كۈچلۈكرەك كېلىدۇ.

بىز قاراڭغۇ جىلغىغا جايلاشقان نىسا ئىسىملىك كىچىك بىر يېزىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەرنىڭ كىشىلىرى بۇغداي ئۆلڭ، تەمبەل، كۈچلۈك تاغلىق كىشىلەر ئىدى.

بۇ جاي دېڭىز يۈزىدىن 9000 ئىنگلىز چىسى ئېگىز بولۇپ، يېزىنىڭ سول تەرىپىدە 17 مىڭ ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتىكى جايتاغ دەپ بىر تاغ بار ئىدى. بىز سوغۇق، بۇلۇتلۇق ھاۋادا قالدۇق. تېمپېراتۇرا 12℃ ئەتراپىدا ئىدى. تاغدىن قايتقىچە لىۋ دوتەي ئەۋەتكەن يەنە بىر ھەمراھىم توختى ئاخۇننىڭ ئېتى ئاغرىپ قالدى.

سەۋەبى: توختى ئاخۇن ئۇنىڭغا نورمىدىن ئارتۇق يەم بېرىۋەتكەندى. ئۇ يېرىم كېچىدە يېنىمغا كېلىپ: «ئاللا، ساھىب ياردەم» دېگەن گەپلەرنى قىلدى. مەن بۇنى ئاتنىڭ ئېپى-جېپىنى ئوبدان بىلىدىغان تومېسقا يەتكۈزدۇم. ئۇلار كېچىدە بۇ جانۋارنى باغلاپ بىر تەرەپ قىلىپ بوپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە قوپسام، توختى ئاخۇن كىشىلەرگە ئات گۆشى ساتقىلى تۇرۇپتۇ. لېكىن ئۇ بۇ ئىشلارنى يوشۇرۇن قىلغانىدى. ئۇمۇ ناھايىتى ئازابلاندى. ئۇ كېتىدىغان ۋاقىتدا مەن ئۇنىڭغا خېلى ئوبدان ھەق بېرىپ ئۈزىتىپ قويدۇم.

دوتەي يەنە بىر نىياز ئىسىملىك كىشىنىمۇ ماڭا قوشۇپ قويغان بولۇپ، ئۇنىڭ تەقى-تۇرقى توختى ئاخۇندىن كېلىشكەنرەك بولسىمۇ، لېكىن ئۆزى توختى ئاخۇندىن ناچارراق ئىدى. ئۇ مېنىڭ فوتوغا ئېلىشىمنى چەكلەپ تۇراتتى. بىر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشۇپ قالدۇق. مېنىڭ خىزمەتچىم ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا گەپ قىلدى: «سەن بۇيرۇققا بىنائەن ساھىبنىڭ رەسىمگە تارتىشنى چەكلەۋاتىسەن. ئەگەر سەن ئەقىللىق بولساڭ بىز بىلەن بۇ ئىش توغرۇلۇق تالاشمايسەن ھەم سەپەردىمۇ كۆڭۈللۈك ماڭالايسەن، ساھىبمۇ خاپا بولمايدۇ» دەيدۇ. نىياز بەگ شۇنىڭدىن كېيىن خېلى ئادەمگەرچىلىك قىلىدىغان بولۇپ قالدى.

تاغدىكى سەپەر ھەققىدە كۈندىلىك خاتىرەمدە مۇنداق قۇرلار يېزىلغانىدى: «تۇمان بىر سائەت ساقلاش، ناچار كېچىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزۈش، 12 مىڭ 500 ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىك، 1931-يىل دېكابىر. سۇ يوق، يېقىلغۇ يوق. ئەكسىچە بەزى قۇرلارنى ئوقۇغاندا خوشاللىناتتىم: ناھايىتى كۆپ تېزەك، ئىككى چايدان چاي، بىر نەچچە نان بۇردىلىرى.

ھاۋا ناھايىتى سوغۇق ئىدى. تومېسقىمۇ زۇكام تېگىپ ئاغرىپ قالدى. ئۇ كېسەلنىڭ داۋاسىنى قىلماقچى بولۇپ، تاغنىڭ تۆۋىنىدە ئۆسىدىغان خاشا دېگەن بىر ئۆسۈملۈكنى ئۈزۈپ كەلگۈزدى. مەن ئۇنى قاينىتىپ ھەر كۈنى ئەتىگەندە تومېسقا ئىچكۈزدۇم. بۇ كۈنلەردە بىزمۇ تەكشۈرۈشتە بولمىدۇق، مەنمۇ يېزىقچىلىقىمنى قىلدىم.

بىر كۈنى بىز جىلغىدا كېتىۋاتقاندا كۆز ئالدىمىزدا 90 ئىنگلىزچىسى چامىسىدىكى پەلەمپەي كۆرۈندى. ئۇ تەرەپتە بىر كونا شەھەر خارابىلىكى بولۇپ، ناھايىتى ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. مەن يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر مويسىپىت كىشىدىن بىزگە ئازراق چاي بېرىشنى ئۆتۈندۈم، شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇ كىشىگە ئەگىشىپ ماڭدۇق.

خارابىلىكتە ئىشكىلەر، تاملار ۋە تۈۋرۈكلەر بار ئىدى. مەن بىر قانچە كۈن بۇرۇنمۇ «ئوبو» دەپ ئاتىلىدىغان تاش تۈۋرۈكلەرنى كۆرگەن بولۇپ، ئۇ يەردە ئۆلچەپ، خەرىتىگە سىزىپ ۋە خاتىرە قالدۇرغانىدىم. يولدا ئۇچرىغان كىشىنىڭ ئىسمى قادىر ئاخۇن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆيى ئىنتايىن پاكىز سەرەمجانلاشتۇرۇلغان، ئۆزىمۇ ياخشى كىشى ئىكەن. ئۇ بىزگە چاي تەييارلاپلا قالماي، يەنە ئايالىغا دەپ بىزگە تاماق تەييارلاشنى بۇيرۇدى. بىز تۇرۇپ، پىياز، پالەك سېلىنغان توخۇ شورپىسى ۋە چۆچۈرە بىلەن مېھمان بولدۇق. بۇ، سوغۇق ھاۋادا ئىنتايىن مەززىلىك ھەم ئۇنتۇلغۇسىز بىر قېتىملىق تاماق بولدى.

قادىر ئاخۇن بىزگە ئۇلارنىڭ بۇ خارابىلىكتە كوزا قاتارلىق بۇيۇملارنى كولاپ ئىشلىتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇلارنىڭ ئاسار ئەتىقە قېزىشى ئارخېئولوگىيەلىك مەقسەتتە بولماستىن پەقەت ئاسار ئەتىقىلەرنى تۇرمۇش بۇيۇملىرى قاتارىدا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئىدى. مەسىلەن، چوڭ كومزەكلەرگە گۈرۈچ قاچىلىغاندا، گۈرۈچ بەرىكەتلىك بولۇپ، قانچە ئىشلەتسىمۇ تۈگىمەيدۇ دەپ قارايدىكەن. يەنە كىچىكرەك ساپال قاچىلاردا گۆش ساقلىغاندا، يازدىمۇ چىرىشتىن ساقلاپ سالقىن ساقلاش خاسىيتى بار دەپ قارايدىكەن.

بىز ئايرىلىدىغان ۋاقىتتا قادىر ئاخۇنغا ئۇنىڭ مېھماندارچىلىقىغا رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن بىزگە ئۇسسۇل ئويناپ بەرگەن كىچىك قىزىغا كىيىم-كېچەك ئېلىپ بېرىڭ دەپ بىر يامبۇ سوۋغا قىلدىم. ئۇ بىز يېگەن تاماقلارنىڭ ئالتە ھەسسىسىچىلىك قىممەتتە ئىدى. قاسىم ئاخۇنمۇ بىزگە خاتىرە سۈپىتىدە بىر ئاسار ئەتىقە كومزەكنى سوۋغات قىلدى.

بىز خاشاغا قايتقاندىن كېيىن مەن تومېسقا چاقچاق قىلىپ:«سەن ئاغرىمىغان بولساڭ، مەنمۇ بۇ بايلىق ياتقان قەدىمي شەھەرنى كۆرەلمىگەن بولاتتىم» دېدىم.

ئىنگلىزچىدىن زۇلھايات ئۆتكۈر تەرجىمىسى



مانىرھېم (فىنلاندىيە)

# مانىرھېيمنىڭ ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

## يىپەك يولى

ئالەي تاغ جىلغىسىدا مەن قەدىمكى يىپەك يولىنى بويلاپ ئىلگىرىلىدىم. مىلادىدىن بۇرۇنقى 1-ئەسىردە يۇنانلىقلار بۇ جاينى ئاشۇ نام بىلەن تەسۋىرلىگەن ئىكەن. مارك پولو مىلادى 1271-يىلى قەشقەرنى ئۆز پائالىيىتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، زەرەپشان، ئۇدۇن ھەم لوپنۇر كۆلى قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ، ئاخىرىدا گەنسۇغا يېتىپ بارغان ئىكەن.

جۇڭگولۇقلار «غەرب دەرۋازىسىنى ئېچىۋېتىش»قا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن مىلادىدىن بۇرۇنلا تارىم دەرياسى ئېقىنى بويلىرىدىكى بوستانلىقلارنى ئىگىلىگەنىدى. يەرلىك كىشىلەر ھەمىشە دېگۈدەك ئاسىيلارنى جازالاپ، تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ھەتتا ھونلارمۇ بۇ ئىشتىن قۇرۇق قېلىشنى خالىماي، پۇرسەت بولسىلا يىپەك يولىنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كەلدى. تۈبۈتلارمۇ ئوخشاشلا شۇنداق قىلدى. بۇ يەرنى تالىشىش كۈرىشى 1800 يىل داۋاملىشىپ، بەزىدە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشسە، بەزىدە مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. شىنجاڭ ئەزەلدىن تارتىپ ئاسىيادىكى بىر قانچە چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئېلىشىپ كۈچ-قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان بىر جەڭگاھ بولۇپ قالدى. جۇڭگونىڭ بۇ يەردىكى تەسىر دائىرىسىنىڭ ئاجىزلىشىشى ئەتراپتىكى قوشنا دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىدىن

دېرەك بېرەتتى. شىنجاڭلىقلار 1865 ـ يىلى ياقۇپبەگنىڭ يېتەكچىلىكىدە مەركىزىي ھۆكۈمەتكە قارشى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم توپىلاڭ كۆتۈردى. ياقۇپبەگ ئەينى دەۋردىكى جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن 12 يىلدىن ئارتۇق تىركەشتى. چارروسىيە دەل مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىلى رايونىنى بېسىۋالدى (19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا شىنجاڭنىڭ كۇچا، ئىلى قاتارلىق يەرلىرىدە خۇيزۇلارنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭى پارتلىدى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ جايلارغا بولغان كونترول قىلىش ئىقتىدارىدىن ئايرىلىپ قالدى. 1865 ـ يىلى قوقەنلىك ياقۇپبەگنىڭ قوراللىق كۈچلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى بېسىۋېلىپ، ئاتالمىش «يەتتە شەھەر خانلىقى»نى قۇرۇپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى قىسمەن رايونلارنىمۇ ئىگىلىۋالدى. 1871 ـ يىلى چارروسىيە پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئەسكەر چىقىرىپ ئىلىنى ئىشغال قىلدى، 1871 ـ يىلى زوزۇڭتاڭ چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ياقۇپبەگ قوشۇنىغا ئەجەللىك زەربە بېرىپ، شىنجاڭنى قايتۇرۇپ ئالغاندىن كېيىنمۇ، چارروسىيە يەنىلا ئىلى رايونىنى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىشنى جاھىللىق بىلەن رەت قىلدى. 1881 ـ يىلى جۇڭگو چارروسىيە بىلەن «ئىلى شەرتنامىسى»نى ئىمزالىغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئىلى رايونىنى قايتۇرۇۋالدى).

جۇڭگولۇق گېنېراللار مۇكاپاتلىنىشقا تېگىشلىك، ئۇلار نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتا، قاتمۇقات ئېگىز تاغلار ۋە قاقاس قۇملۇقلار ئارىسىدا تۇرۇپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قوغداپ قالدى. بولۇپمۇ ئۇلار دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ قوللىشىغا تولۇق ئېرىشەلمىگەن تۇرۇقلۇق ئىنتايىن ئاز تەمىناتنى تولۇقلىمىسىغا تايىنىپ ئاشۇنداق قىلالىدى. بۇ ئىش ھەقىقەتەن تەقدىرلەشكە مۇناسىپ. ئۇزاقتىن بېرى جۇڭگولۇق ھۆكۈمرانلار كۇڭ فۇزىنىڭ پېسسىمىزملىق تەلىماتىنىڭ تەسىرىگە راستىنلا چوڭقۇر ئۇچراپ كەلگەنىدى.

مېنىڭ قەشقەردە تۇرۇپ قالغان ۋاقتىم توپتوغرا بىر ئايغا سوزۇلدى. بۇ بىر ئايدا مەن سۈرەت پىلىيونكىلىرىنى يۇيۇش، خىلمۇخىل ئەھۋاللارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ماتېرىياللارنى رەتلەش، جۇڭگو تىلىنى ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل بولدۇم. تەرجىمان لىۋ ئەپەندى بەك ئوبدان كىشى بولۇپ، ئۇ ھەمىشە كۈلۈمسىرەپلا تۇرىدۇ، گەرچە ئۇ ماڭا تازا كۆپ ياردەم قىلالمىغان بولسىمۇ، ئەمما مەن ئەڭ ئاددىي سۆزلەرنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن ئىككىمىز ھەر ھالدا يېرىم-يارتا بولسىمۇ پاراڭلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۇق. جۇڭگو تىلى سۆزلەملىرىدە سۆز ئاخىرى ئۆزگىرىشلىرى بولمىغانلىقى، جۈملە قۇرۇلمىسى ئاددىي بولغانلىقى ۋە ئەسلىي تەلەپپۇزنى پەرقلەندۈرىدىغان تون بەلگىلىرى كۆپ بولغانلىقى سەۋەبلىك بۇنى ئۆگىنىشتە خېلى قىينالدىم. ھالبۇكى تون (سۆز ئاھاڭى — ت) تاق سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى تامامەن ئۆزگەرتىۋېتىش قۇربىغا ئىگە ئىدى. جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق تەكەللۇپچانلىقىنىڭ لىۋ ئەپەندىدىكى تىپىك ئىپادىسى: ئۇ مېنىڭ سۆزلەرنى خاتا تەلەپپۇز قىلغانلىقىمنى ھېس قىلغاندا، ئۇنى سەۋرچانلىق بىلەن تۈزەتمەي، كۈلۈپلا تۇرۇۋالاتتى، بۇ ھالەت ماڭا كەلگەن بېسىمنى ئاشۇرۇۋەتتى.

قەشقەردە ئۇزاق مۇددەت تۇرۇپ قېلىشىمدىكى يەنە بىر سەۋەب: مېنىڭ جۇڭگونى ئايلىنىپ چىقىشىمغا بېرىلىدىغان سەپەر ئىجازەتنامىسى تېخى تەستىقلانمىغانىدى. بەلگىلىمە بويىچە بۇ ئىجازەتنامىنى قەشقەردىن ئېلىشىمغا توغرا كېلەتتى. «چارروسىيە ھامىيلىقىدىكى فىنلاندىيەلىك مانېرھېم»غا بېرىلىدىغان بۇ ساياھەت ئىجازەتنامىسى پەقەت تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ئارقىلىق بېجىرىلەتتى. بىراق، بېيجىڭ تەرەپتىن ئىجازەت بېرىلگەنلىك ھەققىدىكى ئالاقە، ھەتتا بۇ ئىشقا دائىر بىرەر كۆرسەتمىدىنمۇ خەۋەرسىز ئىدۇق. ئاشۇنداق مۇشكۈل ئەھۋالدا باش كونسۇل كىراكلوپ ماڭا دوتەينى ئىزدەپ بېرىپ ئىلتىماس سۇنۇش توغرۇلۇق مەسلىھەت بەردى. دوتەي غوجام مېنىڭ ئىسمىمنىڭ ئالدىنقى ئىككى ھەرپىنىڭ جۇڭگو كىشى ئىسىملىرى ئىچىدىكى ناھايىتى يېقىملىق ئوقۇلىدىغان «ما» فامىلىسى بىلەن ئوخشىتىپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ماڭا بېرىلىدىغان سەپەر ئىجازەتنامىسى ئۈستىگە شۇ خەتنى يېزىش تەكلىپىنى بەردى. «ما» خېتىنىڭ مەنىسى ئات دېگەنلىك بولۇپ، خۇيزۇ گېنېراللىرىنىڭ نۇرغۇنلىرى مۇشۇ فامىلىنى قوللىناتتى. جۇڭگولۇقلار ئۆزلىرىنىڭ فامىلىسىدىن كېيىن كېلىدىغان ئىسمىدىكى خەتلەرنىڭ يېزىلىشىغا بەك ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. فامىلە بىلەن ئىسمىدىكى خەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان مەنىگە ئىگە كىشى ئىسمىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. دوتەي سەپەر ئىجازەتنامىسىنى تەستىقلىغاندا، مېنىڭ



ئىسمىم ھەققىدە بىر پەس خىيالغا چۆكتى - دە، ئاندىن كېيىن ناھايىتى سىپتا موي قەلەمنى قولىغا ئېلىپ، شارت-شۇرت قىلىپ «ما» دېگەن فامىلىنىڭ كەينىگە «داخەن» دېگەن ئىككى خەتنى يازدى. شۇنىڭدىن تارتىپ مېنىڭ جۇڭگوچە ئىسمىم «ماداخەن» دېگەن ئۈچ خەت بىلەن ئاتالدى. بۇ ئۈچ خەت «دۇلدۇلغا مىنىپ كۆككە ئۆرلەپ، ئەرشكە چىقماق» دېگەن مەنىنى بېرەتتى. «ماداخەن» دېگەن ئىسىم مېنىڭ ئېجازەتنامىلىرىنى تەكشۈرگەن نۇرغۇن ئەمەلدارلارنىڭ ئاپىرىن ئېيتىشلىرىغا مۇشەررەپ بولدى.

## يەكەنگە قاراپ يول ئېلىش

مەن ئەسلىدە ئاتلىق سەپەر قىلىپ، قىش كىرىشتىن بۇرۇن غۇلجىغا يېتىپ بېرىۋېلىشنى نىيەت قىلغانىدىم. بىراق كېيىن بىرەيلەن ماڭا ناھايىتى مۇقىملاشتۇرغان تەلەپپۇزدا قىش پەسلىنىڭ ئاخىرىدا، يەنى ئىككىنچى ئايلاردىمۇ تەڭرىتاغدىن ھالقىپ ئۆتۈپ غۇلجىغا بارغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇچۇر بەردى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئەسلىدىكى نىيىتىمنى ئۆزگەرتىپ، سەپەر يۆنىلىشىنى جەنۇب قىلىپ بەلگىلىدىم، بۇنداق قىلغاندا جەنۇبىي شىنجاڭنى، بولۇپمۇ قاغىلىق بىلەن خوتەن بوستانلىقىنى كۆپرەك زىيارەت قىلىپ، ئايلىنىپ چىققىلى بولاتتى. سىنتەبىرنىڭ ئاخىرى، ئۆكتەبىرنىڭ بېشىدا مەن سەپەردىشىم، كازاك سولدىتى لوكانىننى شىنجاڭنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىشقا ئالدىن ئورۇنلاشتۇردۇم. ئۇ بىزنىڭ يۈك-تاقلىرىمىزنىڭ كۆپ قىسمىنى ئېلىپ ئاتلىنىپ، ئاقسۇ، قارا شەھەرلەردىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئۈرۈمچىگە يېتىپ بېرىش نىيىتى بىلەن يۈرۈپ كەتتى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي مەن يەكەن بىلەن خوتەننى ئايلىنىپ چىقىش مەقسىتىدە يولغا چىقتىم. تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي چېتىدىكى يول بىلەن ئۇدۇل بىر ھەپتە مېڭىپ، 400 كىلومېتىر يول باسقاندا ئاندىن كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىپ بارغىلى بولاتتى. مەن كىچىككىنە كارۋان ئەترىتىنى باشلاپ، بىر نەپەر ئاشپەز، بىر نەپەر تىلماچنىڭ ھەمراھلىقىدا يولغا چىقتىم. ئاشپەز ئىسمائىل ئىشەنچىسىز، شاللاق، ئۆزىنى تۇزەشتۈرۈشنى بىلمەيدىغان كىشى بولسىمۇ، ھەر ھالدا ھەققىي سەپەرچى ئىدى. ۋاقتىلىق ياللىۋالغان ھېلىقى تىلماچمۇ ئىشقىلىپ تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن يامان ئەمەس چىقالايتتى. ئاتقا مىنىپ يەكەنگە بارماقنىڭ ئۆزى چۆل-جەزىرىلەرنى كېزىپ، ئايلىنىپ يۈرۈشتىن باشقا ئىش ئەمەس ئىدى. مانا، كۆز ئالدىمىزدا ھاياتلىقتىن ئىزنا بولمىغان چۆل مەنزىرىسى. غەرب تەرەپتە گۈزەل قاراقۇرۇم تاغ تىزمىلىرى ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ، كىشىگە جاسارەت بەخش ئېتىدۇ؛ ئۇنىڭ باغرىدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان تارام-تارام ئېقىنلار نەچچىلىگەن يايلاقلارنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ كۆكەرتىپ، ئۆزۈلمەي كېلىپ-كېتىپ تۇرغان كارۋانلارنى بۇ يەرلەرگە كېلىپ ھاردۇق چىقىرىشقا جەلپ قىلىدۇ. بۇ جايدا ھىندىستاننىڭ تاۋارلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇ تاۋارلار يولنىڭ يىراق، توشۇش تەننەرخىنىڭ ئاجايىپ قىممەت بولۇشىغا قارىماي، يۇكسەك تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئۇ تەرىپىدىن بۇياققا ئېلىپ كېلىنگەن. مەن ئىسسىق ئازابى ۋە چاڭ-توزانلىق سەپەر جەبرىسىنى تارتىپ، بىر ھەپتە يول يۈرگەندىن كېيىن ئاخىر يەكەن شەھىرىگە قەدەم باستىم. يەكەن ياپيېشىلچىلىق بىلەن تولغان، ئازراق ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن سېپىللىرىنى قويۇق دەرەخلەر قاپلىغان جاي ئىكەن. بىز بۇ شەھەردىكى پىششىق كېسەكتىن قوپۇرۇلغان بىردىنبىر سارايدا تۇردۇق. مەن ھەم ھەمراھلىرىم كۈن نۇرى ئانچە چۈشمەيدىغان ئۈچ ئېغىزلىق گىرىمسەن قاراڭغۇ كونا ئۆيگە ئايرىم - ئايرىم ئورۇنلاشتۇرۇلدۇق.



2011 . 1

زەي هاۋانى سىرتقا ھەيدەش رولىنى ئۆتەش ئۈچۈن قويۇلغان مەش ئۆي ئىچىنى بەك تارلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. يەرگە سېلىنغان گىلەملەر ئۆينىڭ شەرق ئۇسلۇبىغا خاس بېزەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. كەڭ كەتكەن ساراي ھويلىسى ئوتتۇرىسىغا پىششىق كېسەكتىن گۈللۈك ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ تۆت تەرىپى يەنە ئوخشاشمىغان كونا ھۇجرىلاردىن تەركىب تاپقانىدى. بۇ جايغا بىر نەچچە سودىگەر كېلىپ چۈشكەنىدى.

سارتلارنىڭ شەھەرلىرى ئاساسەن بىر-بىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بىر شەھەرنىڭ تەسۋىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ باشقا شەھەرلىرىنىڭ ئەھۋالىنىمۇ پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. شەھەرگە قاراشلىق سودا كوچىلىرىنىڭ قاتنىشى ناھايىتى جىددىي بولۇپ، كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىنى ئۇششاق تىجارەتچىلەر ئاچقان ئۇزۇنغا سوزۇلغان يايما ئورۇنلىرى ئىگىلىۋالغان. ھالقىراق سودىگەرلەر ئۆزلىرىگە تەۋە گىلەم ئۈستىدە ئولتۇرۇپ خېرىدار كۈتۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ دۇكانلىرى (تېخىمۇ ئوچۇق قىلىپ ئېيتقاندا مال قويىدىغان ئامبارلىرى) ئولتۇرغان ئورنىنىڭ ئارقا تەرىپىگە جايلاشقان. يەكەننىڭ بازىرى قەشقەرنىڭ بازىرىدىنمۇ بەكرەك قىزىيدۇ، ئەتراپ مىغ-مىغ ئۆتۈشۈپ تۇرغان ھارۋىلارنىڭ شاۋقۇنلىرى، كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرى بىلەن تولۇپ كېتىدۇ. ماللىرىنى توپ ساتىدىغان تىجارەتچىلەرنىڭ سودىسى ئۇلار چۈشكەن سارايلاردا پۈتتۈرۈلىدۇ. تاجىك، ئاۋغان ۋە ھىندى سودىگەرلىرى ئىچىدىن ئۈستىگە گۈللۈك يوپۇق يېپىۋالغانلارنى دائىم ئۇچراتقىلى بولىدۇ. يەكەندىكى سودا-تىجارەت پائالىيىتىدىن چاررۇسىيە بىلەن ئەنگلىيەلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتنىڭ ئىنتايىن كەسكىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

مەن دەل رامزان ئېيىدا يەكەنگە كەپتىمەن. بۇ ئايدا كىشىلەر سۈبھىدىن بۇرۇن زوھۇرلۇق يەپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە ئاندىن ئېغىز ئېچىپ غىزالىنىدىكەن. غىزالىنىش ۋاقتى بولغاندا ھەتتا كىشىلەرنىڭ بېشىغا كىيگەن دوپپىلىرىنىڭ قانداق يېپ بىلەن، قانداق گۈل نۇسخىسى بىلەن كەشتىلەنگەنلىكىنى پەرق ئەتمەك قىيىن ئىكەن. پەقەت تاماق يەپ ئورنىدىن تۇرغاندىلا بۇنى خىرە كۆرگىلى بولىدىكەن. ھەر كۈنى ئىپتار ۋاقتى بولغاندا، ئادەملەر ئاجايىپ چوڭ ئىشتىھا بىلەن غىزالىنىشقا باشلايدىكەن. غىزا يەۋېتىپ ئاللاغا شۈكۈرلەر ئېيتىشىدىكەن. غۇۋا قاراڭغۇلۇقتا گۈللۈكنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان مويسىپىت تەقۋادارلارنىڭ ئوقۇغان ئايەت، دۇرۇتلىرىنى ئېنىق ئاڭلىغىلى بولىدۇ.

يەكەننىڭ ھەر بىر بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدا قىمار سورۇنى ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. كەسپىي قىمارۋازلىق بۇ يەردە ئادەتتىكىچە بىر ئىش سانىلىدۇ. سىز جۇڭگولۇق ئەمەلدارلاردىن تارتىپ تۆرەمدىكى مەھبۇسلارغىچە بولغان كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن قىمارغا ئادەتلىنىپ كەتكەن نۇرغۇن سالپا-ساياقلارنى ئۇچرىتالايسىز. مەھبۇسلار پۇت-قوللىرىغا زەنجىر-كىشەن، بويۇنلىرىغا تاقاق، ئاياغلىرىغا گۈندا سېلىنغان ھالدا قىمار ئوينىشىدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان تاقاق ئىككى تال شالدىن ياسالغان بولۇپ، ئوتتۇرىسىدىكى يېرىم ئايسىمان بوشلۇق تەرەپتىن بويۇنغا سېلىنىپ، ئۈستىدىن پېچەت چاپلىنىدۇ. تاقاق سېلىنغان مەھبۇس پۇل يۈرگەندە ئېھتىيات قىلمىسا پېچەت ئاسانلا يىرتىلىپ كېتىدۇ - دە، ئۇنىڭ گۇناھى تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ! مەھبۇسلار قىمار سورۇنىغا ئۆز ئىختىيارىچە مېڭىپ يۈرۈشەلەيدۇ. خوتۇنلىرى ھەمىشە ئەرلىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ قول-پۇتلىرىدىكى زەنجىر-كىشەنلەرنى ساداقەتمەنلىك بىلەن كۆتۈرۈپ تۇرۇشىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدىغان بىر ئىش شۇكى، گاللىرىغا ناھايىتى يوغان پوقاق چىققان كىشىلەر سىزگە قەدەمدە بىر ئۇچرايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ خىل كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇشى ئىچىملىك سۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. گاللىرىغا پوقاق چىقىپ قالغان كىشىلەرنىڭ كۆپ بولۇشى سەۋەبىدىن، بۇ ئەھۋال نورمال بىر ئىش دەپ قارىلىدىكەن. ھەتتا داۋالاشنىڭمۇ ئامالى يوق ئىكەن. كىشىلەر قىزىقچىلىق قىلىپ: ھەقىقىي يەكەنلىكلەرنىڭ گېلىدا جەزمەن ئادەمنىڭ ھەۋەس ھەم ھۆرمىتىنى قوزغايدىغان بىر پوقىقى بولۇشى كېرەك، دېيىشىدىكەن.

### يەكەن ئەمەلدار مەھكىمىسىدىكى زىياپەت

يەرلىك ئەمەلدار مەھكىمىسىدىكى زىياپەتكە داخىل بولۇشنىڭ ئۆزى ئەڭ قىزىقارلىق بىر جەريان سۈپىتىدە قەلبىمدە ساقلىنىپ كەلمەكتە. مېنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلغان يەن فامىلىلىك ئەمەلدارنىڭ مەنسەپ نامى «فۇتەي» ئىكەن. كېيىنچە مەن ئۇنىڭ يامۇلى بىلەن مەن كېيىن مالاقەت بولغان بارلىق ئەمەلدارلار يامۇللىرىنىڭ

بىر-بىرىدىن پەقەت پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. بۇ يەردە شۇنىمۇ دەپ ئۆتكۈم كېلىدۇكى، كىشىلەر بارلىق دەرىجىلىك ئەمەلدارلار تۇرىدىغان ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە مەھكىمىلەرنىڭ بەرىنى «يامۇل» دەپ ئاتايدۇ. يامۇل ئالدى ۋە كەينى تەرەپتىن ئۈچ قورۇدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، دەرۋازىنىڭ ئارقىسىدىكى تام ئانچە ئۇزۇن بولمىسىمۇ، ئەمما جىن-ئالۋاستىلاردىن مۇداپىئەلىنىش مەقسىتىدە ئىنتايىن قېلىن سېلىنىدۇ. مەن ئىككى قورۇنىڭ ئىچى بىلەن مېڭىپ، ياغاچ قۇرۇلمىلىق سوراق زالىنى كېسىپ ئۆتتۈم، زالنىڭ ئۈچ تەرىپىدىكى تامغا رەڭدار نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ زال فۇتەي ئەرز-شىكايەتلەرنى قوبۇل قىلىپ، سوت ئۇيۇشتۇرغاندا ئىشلىتىلىدىكەن. چاسا شەكىللىك ئۈچىنچى قورۇغا كىرىشتىن بۇرۇن، ياغاچ قۇرۇلمىلىق يەنە بىر دالاندىن ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. قۇرۇلۇشى نەپىس ھەم ھەيۋەتلىك ئىمارەت قورۇنىڭ ئارقىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن. پەن ئامبال ئەمەلدارلىق كىيىمنى كىيگەن ھالدا زال ئالدىدا تۇرۇپ مېنى قارشى ئالدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى فورمىسى ياقا ھەم يەڭلىكىگە ئاق قۇ ماموقىدىن توقۇلغان ساماۋىرەڭ رەخت تۇتۇلغان ئۇزۇن قارا كەمزۇل بولۇپ، كەمزۇلنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى چاسا رەختكە تۇرنا، شىر ۋە ئەجدىھا قاتارلىقلارنىڭ سېرىق رەڭلىك مەشۇت يىپ بىلەن كەشتىلەنگەن سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن پەشمەت كىيىلىدىكەن. بۇ سۈرەتلەر ئۇلارنىڭ ئەمەل دەرىجىسى ۋە ئىمتىيازىنى ئىپادىلەيدىكەن. ئەمەلدارلار بويۇنلىرىغا ئېسىل ياغاچتىن يۇمىلاق قىلىپ ئويۇلۇپ ئوتتۇرىسىدىن يىپ ئۆتكۈزۈلۈپ تۇتاشتۇرۇلغان قوڭۇر رەڭ ئۇزۇن تەسۋىلەرنى ئېسىۋېلىشىدىكەن. ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى بېشىغا جىيەكى يۇقىرى تەرەپكە قايرىۋېتىلگەن، ئۈچ تەرىپىدىكى چۆرىسىگە قىزىل شەلپەر پۆپۈك تۇتۇلغان. يۇمىلاق ئۇقا تۈگۈنچە ئىچىگە ئېسىل قاشتېشى، ھېقىق، ئۈنچە-مەرۋايىتلار تىكىپ زىننەتلەنگەن قارا رەڭلىك مەنسەپ كۇلاسى كىيىدىكەن. مەنسەپ كۇلاسىمۇ ئۇلارنىڭ ئەمەل-مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە قاراپ لايىھەلىنىدىكەن. مەنسەپ كۇلاسى باشنىڭ ئارقا تەرىپىگە مايىل قىلىپ كىيىلىپ، مەشۇت يىپ بىلەن ئېگەككىچە باغلىۋېتىلىدىكەن.

جۇڭگولۇقلار چەت ئەللىكلەر بىلەن سالاملاشقاندا، ئادەتتە ئىككى قولى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ قولىنى يېنىك قىسىپ تۇتۇپ كۆرۈشىدۇ. ئەمما ئۆزئارا سالاملاشقاندا بولسا، ئىنتايىن چىرايلىق تەزىم بىلەن بېلىنى ئالدىغا پۈكۈپ، سول پۇتىنى ئالدىغىراق چىقىرىدۇ. ئوڭ پۇتىنى سەل ئېگىپ، ئوڭ قولىنى يەرگە تەگكۈزۈپ، خۇش تەبەسسۇم بىلەن سالام بەجا كەلتۈرۈشىدۇ.

پەن ئامبال كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى قوزغايدىغان ناھايىتى ئوچۇق چىراي، خۇش تەۋازۇ بىر كىشى ئىكەن. مەن كىرگەن زال ئىچىدىكى چوڭ شىرەگە ئاپپاق چايشەپ سېلىنىپ، ئۈستىگە چىنە-قاچا، قوشۇق-چوكىلار ھەم زىننەت بۇيۇمى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدىغان قەلەي پەتنۇس ۋە ئىككى دانە ئارا چىنە، ئىككى جۈپ پىل چىشىدىن ياسالغان چوكا، چۈچۈمەل سىركە تولدۇرۇلغان قۇتا، شېكەر سۈيىگە چىلانغان يەر ياڭقى سېلىنغان تاۋاق قاتارلىقلار قويۇلغانىدى. مەن ئولتۇرىدىغان تەرەپكە يەنە تاتلىق-تۈرۈم تولدۇرۇلغان تەخسە، بىر دانە پىچاق بىلەن ئۇزۇنراق كەلگەن ۋىلكا تىزىلغانىدى. چۈشلۈك غىزا تارتىلىشتىن بۇرۇن چاي، مەنپەسە، مېۋە-چېۋە ھەم 12 كىچىك تەخسىدە ھەرخىل قورۇمىلار كەلتۈرۈلدى. بۇ كىچىك تەخسىلەر دەل تاماق شىرەسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چاسا شەكىلدە تىزىلىپ، ئۇنى گۈزەل كۆرۈنۈشكە ئىگە



قىلدى. داستىخانغا ھازىرلانغان چوڭ تەخسىلىك قورۇمىلار ھەققىدە گەپ ئاچسام، ئالدى بىلەن قارلىغاچ چاڭگىسى شورپىسى، بېلىق قانتى قورۇمىسى ۋە باشقا ئاز ئۇچرايدىغان نەچچە تۈرلۈك قورۇمىلار ئالدىمىزغا تىزىلدى. بۇلارنىڭ ئادىتى بويىچە مۇبادا ساھىبخانا بىر مېھماننى ئالاھىدە مەززىلىك قورۇمىلارنى تېتىپ بېقىشقا تەكلىپ قىلىش نىيىتىنى ئىپادىلىمەكچى بولسا، ئۇ قولىدىكى چوكىسىنى ئىشلىتىپ قىسىپ ئېلىپ، سىزگە بېرىدىكەن. ساھىبخانىنىڭ چوكا ئىشلىتىش ماھارىتى ناھايىتى ئۆزگىچە بولىدىكەن. مەن بۇ خىل كۆرۈنۈشنى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغانىدىم. يەن ئامبال بىر جۈپ چوكىنى ئىشلىتىپ چوڭ تەخسىدىكى پىشۇرۇلغان ئۆردەك گۆشىنى تېزلا پارچىلىدى! كېيىن مەن بۇ ئىش ھەققىدە ئويلىنىپ، ئۆردەك گۆشى ئېھتىمال پىشۇرۇلغان چېغىدىلا پارچىلاپ تەييارلانغان، ئارقىدىن ئۇنىڭ ئۇستى تېرىسى بىلەن قايتا يېپىۋېتىلگەن دېگەن خىيالدا بولدۇم. يېڭىدىن تەييارلانغان قورۇمىلار داستىخانغا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇلىنىپ، بەكمۇ ئالدىراشلىق ئىچىدە ئېلىپ كېلىنىدىكەن. 24 خىل چوڭ تەخسىلىك قورۇما، شورپىلار كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئارقىدىنلا ئوخشاش ساندىكى پىشۇرۇلغان نېمەتلەر، تورت، پېچىنىلەر ھازىر قىلىندى. ئىسسىتىلغان ھاراقمۇ كەلتۈرۈلدى. بۇ خىل ھاراقنىڭ پۇرىقى ئاجايىپ خۇشبۇي بولۇپ، كىشى ئىچكەندىنمۇ كۆپرەك ھۇزۇر ئالالايدىكەن. رومكىدىكى ھاراقنى ئىچىپ بولۇشىمىز بىلەنلا، بوتۇلكىدىكى ھاراق يەنە چەينەككە قۇيۇلۇپ، چوغدانغا قاقلاپ ئىسسىتىلدى. ئاندىن بىزنىڭ ئىچىشىمىزگە بېرىلدى. زىياپەت ئارىلىقىدا، داستىخان ئۇستىدىكى نېمەتلەر ئىككى قېتىم قايتا يېڭىلىنىپ تىزىلغاندىن كېيىن يەنە يەپ ـ ئىچىشنى باشلىۋەتتۇق. مۇلازىملار ئارىلىقتا ئىسسىق سۇغا چىلانغان دەسماللارنى يەتكۈزۈپ بەردى. بىز نۆۋەت بىلەن تەرلىرىمىزنى سۈرتۈپ ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇردۇق. زىياپەت ئاخىرلىشىدىغان چاغدا ھەر بىرىمىزنىڭ ئالدىغا ئۇستىگە نەچچە تال شال گۈلى سېلىنغان، شورپىغا ئوخشاش ئىچىملىك كاسىسى كەلتۈرۈلدى. جۇڭگولۇقلار كاسىنى ئاستىنقى لېۋىگە تەگكۈزۈپ، ھېلىقى ئىچىملىكنى سىپايىلىق بىلەن ئىچىۋەتتى. شال گۈلى شورپىسى ئىچىپ بولۇنغاندىن كېيىن ھەممىمىز ئورنىمىزدىن تۇردۇق. يەن ئامبال ئارقا ـ ئارقىدىن ئېيتىلغان ئۈچ قېتىملىق ھۆرمەت سالىيوتى ساداسى ئىچىدە ئىنتايىن يېقىنچىلىق بىلەن قورۇدىن ئۇزىتىپ چىقتى.

مېنىڭ قارىشىمچە، بۇ قېتىمقى زىياپەت نۇرغۇن ئېسىل بەدىئىيلىكنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان بىر سورۇن بولۇپ، ئادەتتىكى ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن تارتىلغان غىزالارنى تېتىپ بېقىشلا ئەمەس ئىدى. بەزى قورۇمىلار غورىگىل ھەم تەمسىز، يۇمشاق، مايلىق بولۇپ، دەسلەپ تاناۋۇل قىلغاندا كىشىنىڭ ئىشتىھاسىغا ياقمايتتى. ئەمما مەن بەزى ياۋروپالىقلار بىلەن پاراڭلىشىش جەريانىدا ئۇلارنىڭ جۇڭگو قورۇمىلىرىنى يېيىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەنلىكىنى، ھەتتا ئىنتايىن ياقتۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

يەن ئامبال مېنى زىيارەت قىلىپ كەلگەندە، مەن ياتقان ياتاقنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، غەلۋە ـ غۇدۇردىن خالىي ئەمەسلىكىنى، تولىمۇ ھۇزۇرسىزلىقنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، قول ئاستىدىكىلەرنى ماڭا بۇ يەردىكىدىنمۇ ياخشى بىر قونالغۇ تېپىپ بېرىشكە بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن مەن مەمۇرىي ئەمەلدارلىق ۋەزىپىسىدىكى بىر سارت بەگنىڭ نىسبەتەن جىمجىت بىر ئورۇنغا جايلاشقان قورۇسىدا تۇردۇم. يېتىپ ـ قوپىدىغان ئۆيۈمنىڭ ئەتراپى گۈللۈك بولسىمۇ، بىراق ئۇ نەم ھەم سوغۇق ئىدى. شۇڭا يەرگە قاتمۇ قات گىلەملەرنى سېلىپ يېتىشىمغا توغرا كەلدى. مەن ئۇ يەردە تۇرۇۋېتىپ، قاتتىق تومۇقاپ قالدىم. بوغۇملىرىم ئاغرىپ، قىزىتمام ئۆرلىۋالدى. بەختكە يارىشا مەن شۇ جايدا تۇرۇۋاتقان شىۋېتسىيەلىك مىسسىيونېر ھەم تىل تەتقىقاتچىسى گۇستاف. راكۇرتىنىڭ داۋالىشىغا مۇشەررەپ بولدۇم. راكورت ئۇستا دوختۇر بولۇپ، بۇ دۆلەتنى ھەم خەلقنى ئىنتايىن پىششىق بىلىدىكەن. كېيىن ئۇ لۇندى ئۇنىۋېرسىتېتىدا لېكتور بولۇپ ئىشلىدى. ماڭا كۆپ ياردەمدە بولدى.

يەرلىك ھەربىي قوماندان تىپىك جۇڭگولۇق ھەربىي ئىكەن. ئۇ يېشى 70كە كىرگەن، كۆپ نەرسىنى بىلمەيدىغان گاس بىر قېرى بولۇپ، جۇڭگو ئارمىيەسىنىڭ ھەربىي ئىنتىزامى ۋە تاكتىكىسىنى دۇنيادا ئەڭ ياخشى دەپلا قارايدىكەن. ئۇ مەن بىلەن مۇنازىرىلىشىپ، ئاز ساندىكى ئەسكەر بىلەن بۇ يەرنى ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتتى. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، بۇ ھەربىي قوماندانغا قارىتىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى دۆلەت



مۇداپىئەسى ئەمەس، بەلكى ئەپيۇنكەشلىك ئىدى. ئەسكەرلەرنىڭ چىرايىدىنمۇ زەھەرلىك چېكىملىك بىلەن شۇغۇللانغانلىقنىڭ ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. بۇ ئەسكەرلەر ئىچىدە يەنە پەسكەش قىمارۋاز، جازانىخور ۋە جاللاپخانىلارنىڭ خوجايىنلىرىمۇ بار بولۇپ، ھەددىدىن ئۆتە مۇتەھەملەردىن ئىدى.

### ئات ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ خوتەنگە بېرىش

كېسەللىك مېنى يەكەندە بەش ھەپتە تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر قىلدى. بوغۇم ئاغرىقىم ئېغىر بولغاچقا، ئاتقا مىنىپ خوتەنگە يېتىپ بېرىشىمغا تازا كۆزۈم يەتمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئات ھارۋىسى ئىجارىگە ئېلىپ، ھارۋىكەش ياللاش خىيالىغا كەلدىم. مەن ياللىغان ھارۋا ئىككى چاقى تۆمۈر چەمبەر بىلەن مىخلانغان يوغان ياغاچ چاقلىق ئات ھارۋىسى بولۇپ، بۇ خىل كېلەڭسىز ھارۋىغا ئولتۇرۇپ، ئىرغاڭلىغانچە سەپەر قىلسىڭىز، ئۆزىڭىزنى بەئەينى ئوتتۇرا ئەسىرگە قايتىپ كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتىڭىز. ھارۋىغا ئىككى ئات قوشۇلغانىدى. ھارۋىكەش يالدا تۇرۇپ ھارۋا ھەيدەيتتى. سۈرئەت تولىمۇ ئاستا ئىدى. بىز مېڭىۋاتقان قۇمسال شېغىل يولدا سۈرئەتنى بۇنىڭدىن تېزلەتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يولبويى زېرىككەنلىك ھېس قىلدىم. ئاندا-ساندا كىچىك-كىچىك بوستانلىقلار ياكى سېرىق تۆپىلىكلەرمۇ ئۇچراپ قالاتتى.

12-ئاينىڭ 29-كۈنى خوتەنگە كەلدىم. بىرەيلەن ماڭا خوتەن قەشقەردىنمۇ كۆڭۈللۈك بىر جاي، ئوبدان تاماشا قىلغىلى بولىدۇ، دېگەنىدى. بىراق بۇ شەھەرگە كېلىپ بەك ئۈمىدسىزلەندىم. قارىماققا بۇيەر دەل ئاشۇ سۆزنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، يەكەندىنمۇ نامرات، قۇرۇلۇشلىرى كۆرۈمسىز ئىكەن. يەكەندىكى سودا سارايلىرىنىڭ نۆۋەيلىرىگە تىزىپ قويۇلغان تاۋارلار خوتەن سارايلىرىغا تىزىلغان تاۋارلاردىن كۆپ ئىدى. خوتەندىكى يەرلىك ئەمەلدار يەكەندە تۇرۇشلۇق خىزمەتدىشىدىن مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىم ھەققىدىكى مەلۇماتنى تاپشۇرۇپ ئالغان ئىكەن. شۇڭا ئۇ مېنى دوستانىلىك بىلەن ناھايىتى قىزغىن قارشى ئالدى. مەن ئۈچۈن شەخسەن ئۆزى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرغان ھەشەمەتلىك مېھمانخانىغا بىزنى تەكلىپ قىلدى. مېھمانخانىغا سەل گىلەملەر سېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى قاناتلىق دېرىزىسىدىن ھويلىدىكى گۈللۈك كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن. مېنىڭ ھەمراھلىرىم بىلەن ئات ئۇلاغلىرىمىزمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

خوتەندىكى ھەربىي قوماندان تېنى ئاجىز، ئورۇق، باللارچە تەپەككۇر قىلىدىغان بىر كىشى ئىكەن. مەن ئۇنىڭغا رەسىمىڭىزنى تارتىپ قوياي دېسەم، ئاجايىپ خۇش بولۇپ كەتتى ۋە ماڭا ئاتاپ ھەربىي مەشىق ئويۇنى ئۆتكۈزۈپ بەردى. رەسىمگە چۈشۈشتىن بۇرۇن ئەڭ چىرايلىق كىيىمنى كىيدى. مەشىق جەريانىدا جۇڭگوچە نەيزىۋازلىق ئويۇنى كۆرسىتىلدى. بامبۇكتىن ياسالغان ئۇزۇن نەيزە بىلەن ئورۇندالغان قىر-چاپ گۆمپىسىنى كۆردۇق. ئەسكەرلەر بىر جۈپ، بىر جۈپتىن قارىمۇ قارشى تەرەپتە تۇرۇپ، جان-جەھلى بىلەن بىر-بىرىگە ھەيۋە قىلىپ، سەكرەپ-تاقلىشىپ كەتتى. ئارىلىقتا سەككىز كىشىلىك سەپ تۈزۈشۈپ، ئۆزئارا ھۇجۇم قىلىشىپ، چېكىنىشىپ، قىيا-چىيا كۆتۈرۈشتى.

خوتەننىڭ قول سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ داڭقى كەڭ تارالغان. مەسىلەن، قاشتېشىدىن نەقىش ئويۇلۇپ ياسالغان گۈل لوڭقىسى، كۆن-خۇرۇم بۇيۇملار، مىس ئەسۋاب-

لار، يىپەك رەختلەر، گىلەم-سېلىنچىلار خېلى داڭلىق. قول سانائەت دۇكانلىرىنىڭ كۆلىمى كىچىك بولۇپ، ئادەتتە پەقەت ئۈچ، تۆت ئۇستىكارلارلا قىستىلىشىپ ئولتۇرۇپ ئىش قىلالايدۇ. پۈتكۈزگەن سانائەت بۇيۇمىنى شۇ هامان بازارغا ئېلىپ چىقىپ سېتىۋېتىشىدۇ. ئۇستىكارلارنىڭ ئىش هەققى بىلەن دۇكان خوجايىنىغا قالىدىغان پايدىمۇ ناهايىتى تۆۋەن. خالۋاپلار گىلەم توقۇغان چاغدا، هېچقانداق نەقىش نۇسخىلىرىدىن پايدىلانماي كۆڭلىگە پۈككىنى بويىچە ئىشلەۋېرىدۇ. ئۇلارنىڭ گىلەم توقۇۋېتىپ ئوقۇغان ناخشىلىرى بەئەينى بىر خىل ئەمگەك بۇيرۇقى رولىنى ئۆتەيدۇ. ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان بىر يېرى شۇكى، ئۇلار يەنە شۇنداق گىرىمسەن قاراڭغۇ ئۆيلەردە ئىشلەپ تۇرۇقلۇق يەنە ئىنتايىن مۇرەككەپ، نەپىس نۇسخىلار چۈشۈرۈلگەن گىلەملەرنى توقۇپ چىقىشىدۇ.

بۇ يەردىن هىندىستانغا بېرىپ-كېلىدىغان يوللار ناهايىتى ئاز. هازىر هىندىستانلىقلار بىلەن ئالاقىلىشىشقا بىر ئاز قولايلىق بولغان پەقەت بىرلا يول بار، بۇ يول بىلەن كۆكياردىن ئۆتۈپ، كوئېنلۇن تاغ تىزمىلىرىدىن هالقىپ، قارا قۇرۇم ئېتىكىدىكى ساناقسىز تىك چوققىلاردىن ئاشقاندىن كېيىن خوتەننىڭ شەرقىدىن 150 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى كېرىيە تاغ ئاچىلىغا بارغىلى بولىدۇ. ئاندىن كېيىن شۇ يەردىن هىندى دەرياسى ۋادىسىغا كىرەلەيسىز.

شۇنداق قىلىپ، ئات كارۋىنى بىلەن ماڭغىلى بولىدىغان بىر كىچىك يول بۇ يەردە بارلىققا كەلگەن. مۇشۇ يول بىلەن هىندىستانغا سەپەر قىلغاندا، 20 كۈنلۈك مۇساپىنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ. يولبويى هارۋىدا ئولتۇرۇپ چايقىلىۋەرگەنلىكىم سەۋەبىدىنمۇ ئېيتاۋۇر بوغۇم ياللۇغى كېسەلىدىن بەدىنىمدە هېچقانداق ئەسەر قالمىدى. شۇنىڭ بىلەن مەندە ئاتلىق سەپەر قىلىپ، خوتەننىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى ئايلىنىپ كېلىش ئىستىكى تۇغۇلدى. ئالدى بىلەن ئېتىمنى چاپتۇرۇپ خوتەندىكى قەدىمىي شەھەر يوتقان خارابىلىقىغا كەلدىم. هازىر بۇ خارابىلىق ئاساسەن كۆرگىلى بولمايدىغان هالغا كېلىپ قاپتۇ. بىراق، ئۇنىڭ كەڭ سوزۇلغان دائىرىسى ئىچىدە قالايمىقان قېزىپ قېدىرىشتىن قالغان ئىزلارنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. بۇنىڭدىن شۇنى هېس قىلىش مۇمكىنكى، قەدىمكى دەۋردىكى يوتقان ئادەملەر ناهايىتى زىچ ئولتۇراقلاشقان بىر شەهەر ئىكەن. كېيىنچە بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقانلار هازىرمۇ يەنە ئالتۇن-كۈمۈش تېپىش مەقسىتىدە قالايمىقان قېزىپ-كولاشنى توختاتمايۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ قېزىپ ئاختۇرۇش جەريانىدا بەزى زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن ئالتۇن تەركىبلىك نەرسىلەرنى تاپقاندىن باشقا، يەر ئاستىدىن فارفۇر بۇيۇم، چېقىلغان بۇت پارچىلىرى، قەدىمكى پۇل، ئەينەك ۋە قاشتېشىدىن قىلىنغان هەرخىل نەرسىلەرنى كولاپ چىقارغانلىقىدىنمۇ ۋاقىپلاندىم، بۇ نەرسىلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە سېتىۋېلىپ، ئۆزۈم يىغىپ ساقلاۋاتقان يادىكارلىقلارنى تولۇقلىدىم. كېيىنچىرەك يوتقان خارابىلىكىگە يېقىن كەنتتىنمۇ يەنە بىر بۆلەك بۇيۇملارنى يىغىۋالدىم.



خوتەندە ئەۋلىيالار دەپنە قىلىنغان مازارلار ناهايىتى كۆپ بولۇپ، كىشىلەر هازىرغا قەدەر بۇ مازارلارنى زىيارەت قىلىپ تۇرىدىكەن. بۇ ئەۋلىيالارغا ئائىت تەزكىرىلەر قول بىلەن كۆچۈرۈلگەن كونا پۈتۈكلەردە خاتىرىلەپ قالدۇرۇلۇپتۇ. مەن ئانچە زورۇقمايلا بىر نەچچە مۇسۇلمان موللىلارنىڭ قولىدىن بۇ ماتېرىياللارنىڭ نۇسخىلىرىنى سېتىۋالدىم.

**ئېرشادىي تەرجىمىسى**



# ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ياغاچتىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە ئۇنىڭ ساقلىقنى ساقلاش رولى

قۇربانجان ئوبۇل

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئەقىللىق، يىراقنى كۆرەر ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ۋە ساقلىقنى ساقلاش پائالىيىتى جەريانىدا ياغاچتىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، ياغاچنى ھەرخىل شەكىلگە كەلتۈرۈپ، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ياغاچ تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن پايدىلانغاندىن سىرت، يەنە ئۇنى ئۆزىنىڭ مىزاجىنى ساقلاش، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ كەلگەن.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ياغاچتىن كۆپلىگەن تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساپ، ئۆز ئېھتىياجىنى قاندۇرغانلىقى ھەققىدە خېلى ئىشەنچلىك تارىخي پاكىتلار بار. بۇ ھەقتە ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە ياغاچ تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا ئائىت نۇرغۇنلىغان بايانلار خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن:

چاناق: ياغاچتىن ئويۇپ ئىشلەنگەن تۇزلۇق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قاچىلار (1-توم، 495-بەت)، شۈمەك: سۈيدۈك يېيىلىپ كەتمىسۇن دەپ بالا بۆشۈككە قويۇلىدىغان نەيچە (1-توم، 505-بەت)، يەشىك: بۆشۈك (1-توم، 531-بەت)، لاغۇن: ئىچى چوڭچەككە ئوخشاش ئويۇلغان ياغاچ ئاياق، ئۇنىڭ بىلەن سۈت، قېتىق ۋە شۇنىڭغا



ئوخشاش نەرسىلەر ئىچىلىدۇ (1 ـ توم، 534 ـ بەت)، نوغۇچ: خېمىر يايىدىغان ئەسۋاب (1 ـ توم، 544 ـ بەت)، تارغاق: تارغاق (1 ـ توم، 611 ـ بەت)، سارنىچ: ياغاچ چېلەك (1 ـ بەت، 593 ـ بەت)، چۆگەك: ياغاچ چېلەك (2 ـ توم، 424 ـ بەت)، چوۋلى: چويلا، چۆپ سۈزۈلىدىغان چويلا، ئۇ ھۆل چىۋىقلاردىن توقۇلىدۇ (3 ـ توم، 599 ـ بەت).

يۇقىرىدىكى بايانلار «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»دا تىلغا ئېلىنغان ياغاچ تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ قاراخانىلار دەۋرىدە ياكى ئۇنىڭدىن نەچچە ئەسىر ئىلگىرى شۇ بۇيۇملارنىڭ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا ئىشلىتىلگەنلىكىنى ۋە ياسالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا بىز ئۇ بايانلارغا قاراپ ئەينى دەۋرلەردە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆز تۇرمۇشىنى قامداش ۋە كېيىنكىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى ئۈچۈن زور كۈچ سەرپ قىلىپ، ياغاچتىن كۆپلىگەن تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئىجاد قىلغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزنالىرى تەمىنلىگەن مەنبەلەرگە قارىغاندا، ئىنسانلاردىكى ياغاچچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى تاشقورالللاردىن پايدىلىنىپ ياغاچتىن ھەرخىل تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىنى ياساپ، بۇ ئارقىلىق ياغاچنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ، ئۆي ياساشتىن باشلانغان بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، كۆپلىگەن ئويۇش ۋە قىرىش ئەسۋابلىرى (مىستىن ياسالغان) ئىجاد قىلىنىپ، ياغاچنى ئويۇش ئارقىلىق ئاياق، قوشۇق، چۆمۈچ، چويلا، چوكا، پەتنۇس، قەدەھ، تاختا ـ نوغۇچ، دۆشە، پىچاق، تارغاق، ئورۇندۇق، بۆشۈك، كارىۋات... قاتارلىقلارغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساش كەڭ تۈردە ئەۋج ئالغان. خەلقىمىزنىڭ ياغاچ تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا ئۆزگىچە بولغان تېبابەتچىلىك ـ ساقلىقنى ساقلاش قاراشلىرى سىڭدۈرۈلگەن. مەسىلەن، ياغاچ قوشۇقتا ئاش ئىچىش، ياغاچ تۇڭدا سۇ ساقلاش، ياغاچ چۆمۈچتە ئاش ئۇسۇش، ياغاچ قۇتىدا ياغ، دورا ـ دەرمەك ساقلاش... قاتارلىق تۇرمۇش ئادەتلىرىدە روشەن ھالدىكى تېبابەتچىلىك ـ ساقلىقنى ساقلاش قاراشلىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

تۆۋەندە مەن ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق قەدىمدىن تارتىپ، ھازىرغىچە ئۆز تۇرمۇشىدا ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ياغاچ تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى تونۇشتۇرۇش بىلەن بىرگە، بۇ خىل بۇيۇملارنىڭ ساغلاملىققا بولغان پايدىلىق تەسىرىنى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك نەزەرىيەسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن:

**1. چىلان ياغىچىدىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى:**

ئەجدادلىرىمىز چىلان ياغىچىدىن ئاساسلىقى قوشۇق ياكى چوكا ياساپ ئىشلەتكەن. قوشۇق قەدىمدىن ھازىرغىچە خەلقىمىز ئارىسىدا ئەتىۋارلىنىپ ئىشلىتىلىپ كېلىنىۋاتقان يېمەك ـ ئىچمەك بۇيۇمى بولۇپ، ئۇ ئاساسلىقى تاماق يېيىشكە ئىشلىتىلىدۇ. قوشۇقنىڭ خەلقىمىز ئارىسىدا ئىشلىتىلىش تارىخى ناھايىتى ئۇزاق بولۇپ، قومۇل شەھىرىنىڭ قارا دۆۋە قەبرىستانلىقىدىن ئۇزۇنلۇقى 22 سانتىمېتىر كېلىدىغان ياغاچ قوشۇق قېزىۋېلىنغان (قەدىمكى قومۇل 41 ـ بەت). بۇمۇ قوشۇقنىڭ قەدىمدىن تارتىپ خەلقىمىز تەرىپىدىن ياسىلىپ ئىشلىتىلىپ كېلىنگەنلىكىنى مۇھىم ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ. ياغاچ قوشۇق ئۆزىنىڭ ساپ، زىيانسىز، تەبىئىي، كۆركەم ۋە چىداملىق بولۇشتەك ئەۋزەللىكلىرى بىلەن ئۇيغۇر ياغاچ قىرمىچىلىق سەنئىتىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. قوشۇق يېمەك ـ ئىچمەك ئىستېمال قىلىشتا ئەپلىك تۇرمۇش بۇيۇمى بولۇپ، ئۇنىڭدا تاماق يېگەندە قول ۋە ئېغىزنى كۆيدۈرۈۋەتمەيدۇ، تاماقنىڭ ئىچىدە ئۇزاق تۇرۇپ قالسىمۇ تاماقنىڭ رەڭگى، تەمى، پۇرىقىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ.

ئادەتتە قوشۇق ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان چىلاننىڭ قان تازىلاش، بەدەن ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، كۆك رەكنى تازىلاش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، قىزىتما قايتۇرۇش، يۆتەل پەسەيتىش، بەلغەم بوشىتىش، قاننىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىش، قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىش، ماددىلار-

نى يۇمشىتىش قاتارلىق تەسىرى بار. شۇڭا ئۇنىڭ ياغچىدىن ياسالغان قوشۇق ياكى چوكىدا ئۇزاق مۇددەت تاماق يېگەندە، چىلان ياغىچىنىڭ تەسىرى يېمەك-ئىچمەككە سىڭىپ، ئىستېمال قىلغان يېمەك-ئىچمەكلەردىن ھەزىم بۇزۇلۇش، ئىچى سۈرۈش، يۆتەل، ئۆپكە ياللۇغى، قان قويۇقلىشىش، قان بۇزۇلۇش، قىزىتما، ئۇيقۇسىزلىق، ئاۋاز پۇتۇپ قېلىش، ئۈچەي جاراھىتى، بەدەن ئاجىزلىقى، مۇدۇر-چاقا، يۇقىرى قان بېسىم، ئۇسسۇزلۇق قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

**2. شاپتۇل ياغىچىدىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى:**

شاپتۇل ياغىچىدىن ئاساسلىقى تارغاق ياسىلىدۇ.

تارغاق خەلقىمىز قەدىمدىن تارتىپ چاچ، ساقال تاراش ئۈچۈن ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان بۇيۇملارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ھازىرمۇ كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىدۇ. ئەجدادلىرىمىز ئاساسىي جەھەتتىن ياغاچ تارغاق ياساپ ئىشلىتىشكە ئادەتلەنگەن. چەرچەن ناھىيەسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن ئېگىزلىكى ئون سانتىمېتىر، كەڭلىكى تۆت سانتىمېتىر، قېلىنلىقى ئالتە مىللىمېتىر كېلىدىغان، 11 تال چىش چىقىرىلغان ياغاچ تارغاق تېپىلغان (جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى، 178-بەت). قومۇل شەھىرىنىڭ قارا دۆۋە قەبرىستانلىقىدىن ئۇزۇنلۇقى 7.2 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 2.9 سانتىمېتىر كېلىدىغان ياغاچ تارغاقتىن يەتتە دانە قېزىۋېلىنغان (قەدىمكى قومۇل، 41-بەت). بۇلار ياغاچ تارغاقنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ئىشلىتىلىپ كېلىنگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. تارغاق ئادەتتە شاپتۇل ياغىچىدىن ياسىلىدىغان بولغاچقا، شاپتۇل تەركىبىنىڭ تەمرەتكىنى داۋالاش، ياللۇغ قايتۇرۇش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، ھارارەت پەسەيتىش تەسىرى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ياغىچىدىن تارغاق ياساپ چاچنى تارىغاندا، يەنى تارغاق چىشىنى باش تېرىسىگە يەتكۈزۈپ تاراپ بەرگەندە، باش قىسمىدىكى پەللە، نېرۋىلارنى غىدىقلاپ، باش قىسمىدا ئاسان پەيدا بولىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولغاندىن باشقا يەنە ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى، تاز، باش تەمرەتكىسى قاتارلىقلارنى ساقايتقىلى بولىدۇ. شاپتۇل ياغىچىدىن ياسالغان تارغاقتا كۈندە چاچنى تاراپ بەرگەندە باش قىسمىدىكى قان ئايلىنىش راۋانلىشىدۇ-دە، بۇنىڭ تەسىرىدە ئۇيقۇسىزلىق، باش ئاغرىقى، چاچ كېپەكلىشىش قاتارلىقلارنى يوقاتقىلى بولىدۇ.

شاپتۇل ياغىچىدىن يەنە قوشۇقمۇ ياسىلىدىغان بولۇپ، شاپتۇل تەركىبلىرىنىڭ يۇقىرىقىدىن باشقا تەرەتنى يۇمشىتىش، ئۈچەينى سىلىقلاشتۇرۇش، ئاشقازان، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش قاتارلىق تەسىرىمۇ بار بولۇپ، ئۇنىڭ ياغىچىدىن ياسالغان قوشۇقتا ئۇزاق مۇددەت تاماق يېگەندە، شاپتۇل ياغىچىنىڭ تەسىرى يېمەك-ئىچمەككە سىڭىپ، ئىستېمال قىلغان يېمەك-ئىچمەكلەردىن قەۋزىيەت، بوۋاسىر، ئۈچەي جاراھىتى، قورساق ئاغرىقى، قىزىتما، ئۇسسۇزلۇق قاتارلىقلارنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

**3. ئۆرۈك ياغىچىدىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى:**

ئۆرۈك ياغىچىدىن ئاساسلىقى چەككۈچ، چۆمۈچ، قوشۇق ياسىلىدۇ.

چەككۈچ ئۇيغۇر خەلقى نان يېقىپ ئىستېمال قىلىشنى بىلگەندىن تارتىپ، ياسىلىپ ئىشلىتىلگەن بۇيۇم بولۇپ، ئۇ نان ياققاندا ناننىڭ چىرايلىق، كۆركەم پىشىشى ئۈچۈن نان يۈزىگە گۈل چېكىشكە ئىشلىتىلىدۇ. 1999-يىلى چەرچەندىن بىر دانە ياغاچ تۇكچە تېپىۋېلىنغان (مىللەتلەر فولكلور مۇزېيى 42-بەت).

چۆمۈچ ھەر مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئورتاق ئىشلىتىدىغان تۇرمۇش بۇيۇمى بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ ياغاچ چۆمۈچى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۆزىگە خاس قىرمىچىلىق سەنئىتىنىڭ مۇھىم نامايەندىسى ھېسابلىنىدۇ. ياغاچ چۆمۈچ خەلقىمىز تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ساپ، زىيانسىز، تەبىئىي يېمەك-ئىچمەك جابدۇقى بولۇپ، مەيلى قازاندىكى تاماقنى ئېلىشتا بولسۇن ياكى پىشۇرۇپ ئېلىپ قويۇلغان تاماقلارنى قاچىلارغا تەقسىملەشتە بولسۇن ئۇنىڭ رولى ناھايىتى مۇھىم. ياغاچ چۆمۈچنىڭ ئىشلىتىلىش تارىخى ئۇزۇن بولۇپ، 1959-يىلىدىكى نىيە خارابىسىدىن ياغاچ چۆمۈچ يىغىۋېلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىشلىتىلىش تارىخى ناھايىتى ئۇزاق (قەدىمكى خوتەن 162-بەت).

يۇقىرىقى بۇيۇملارنىڭ ھەممىسى ئۆرۈك ياغىچىدىن ياسىلىدىغان بولۇپ، ئۆرۈك تەركىبلىرىنىڭ نېرۋىنى قۇۋۋەتلەش، سەمرىتىش، تەرەتنى يۇمشىتىش، يۆتەل پەسەيتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش قاتارلىق تەسىرى بار بولغاچقا، ئۇنىڭ ياغىچىدىن ياسالغان چەككۈچ، چۆمۈچ،

قوشۇق قاتارلىق بۇيۇملارنى ئىشلەتكەندە، ئۈزۈك تەركىبىنىڭ تەسىرى يېمەك-ئىچمەككە سىڭىپ، يۆتەل، زىققا، قەۋزىيەت، بوۋاسىر، قورساق ئاغرىقى، ئاشقازان ئۈچەي، تاماقتىن زەھەرلىنىش، ھەزىم ئاجىزلىقى، يۇقىرى قان بېسىم، چىش ئاغرىقى، بەدەن ئاجىزلىق قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

**4. توغراق ياغىچىدىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى:**

خەلقىمىز توغراق ياغىچىدىن تەگنە، چېلەك، كوۋا، شۆمەك، سېۋەت، ساندۇق قاتارلىقلارنى ياساپ ئىشلەتكەن.

تەگنە ئۇيغۇرلار تاش قوراللار دەۋرىدىن بۇرۇنلا ياساپ ئىشلەتكەن ياغاچ داس بولۇپ، ئۇ ئاساسەن خېمىر يۇغۇرۇش، گۆش، نان ۋە باشقا يېمەك-ئىچمەك ساقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. لوپ ناھىيەسىدىكى ساپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن ياغاچ تەگنىلەر ۋە ئۇنىڭغا سېلىپ قويۇلغان پاقلان، ئوغلاق گۆشلىرى بايقالغان (ئابدۇقەييۇم خوجا: غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت، 119-بەت). قومۇل شەھىرىنىڭ قارا دۆۋە قەبرىستانلىقىدىن ئېگىزلىكى 7.25 سانتىمېتىر، ئېغىزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 37 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 11.5 سانتىمېتىر، چوڭقۇرلۇقى 16 سانتىمېتىر كېلىدىغان ياغاچ تەگنە قېزىۋېلىنغان (قەدىمكى قومۇل 41-بەت). بۇ خىل دەلىللەر ياغاچ تەگنىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ خەلقىمىز تەرىپىدىن ئىشلىتىلىپ كېلىنگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندىمۇ تەگنە خەلقىمىزنىڭ ئىستېمالىدىن قالمىغان بولۇپ، ھازىرمۇ تەكرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى يېزىلاردا ئۇيغۇر ئائىللىرى تەرىپىدىن ئەتىۋارلىنىپ ئىشلىتىلىپ كېلىنمەكتە.

ياغاچ چېلەك قاپاق بۇيۇمىدىن پايدىلىنىشتىن بۇرۇن ئىشلىتىلگەن بولۇپ، سۇ توشۇش، ساقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. چەرچەن ناھىيەسىدىكى زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن توغراق ياغىچىدىن ياسالغان، ئېگىزلىكى 32 سانتىمېتىر، كەڭلىكى (دىيامېتىرى) 17.2 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى سەككىز سانتىمېتىر كېلىدىغان ياغاچ چېلەك تېپىلغان (جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى، 174-بەت).

شۆمەك بوۋاقلارنى بۆشۈككە بۆلىگەندە بوۋاقلارنىڭ كىچىك تەرىتىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ بۇيۇم بولۇپ، ھازىرمۇ ئىشلىتىلىپ كېلىنىۋاتىدۇ. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»دا «شۆمەك» سۆزىنى سۈيدۈك يېيىلىپ كەتمىسۇن دەپ بالا بۆشۈككە قويۇلىدىغان نەيچە دەپ ئىزاھلىغان (1-توم، 505-بەت). بۇمۇ شۆمەكنىڭ ئىشلىتىلىش تارىخىنىڭ ئۇزاق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۆمەك ئادەتتە بوۋاقلارنى بۆشۈككە بۆلىگەندە كىچىك تەرىتىنى كېيىم-كېچەكلىرىنى بۇلغىماي چىقىرىش ئۈچۈن بوۋاقلارنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز توغراق چۈيقىدىن سېۋەت توقۇپ، ئۇنى مېۋە-چېۋە، كۆكتات ساقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىپ كەلگەن. كۆنچى دەريا قەبرىستانلىقىدىن چىغدىن ياسالغان سېۋەت بايقالغان (قەدىمكى كروران، 151-بەت) بولۇپ، بۇ سېۋەتنىڭ ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

خەلقىمىز ياغاچ ساندۇقنىمۇ توغراق ياغىچىدىن ياساپ ئىشلەتكەن. ساندۇق خەلقىمىز تەرىپىدىن قەدىمدىن تارتىپ ئىشلىتىلىپ كېلىنىۋاتقان ياغاچ بۇيۇم بولۇپ،



هازىرمۇ يېزا ـ قىشلاقلاردا كۆپىنچە ئائىلىلەردە ساندۇق ئىشلىتىلىدۇ. نىيە خارابىسىدىن بايقالغان ياغاچ قۇشاملىق ئۆيلەردىن ياغاچتىن ياسالغان ساندۇق بايقالغان (قەدىمكى خوتەن، 199 ـ بەت) بولۇپ، بۇ، ياغاچ ساندۇقنىڭ ئۇيغۇر تۇرمۇشىدا ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ خىل ساندۇق كۆپىنچە بۇغداي، قوناق، گۈرۈچ قاتارلىقلارنى ساقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

يۇقىرىقى بۇيۇملارنىڭ ھەممىسى توغراق ياغىچىدىن ياسىلىدىغان بولۇپ، ئادەتتە توغراقنىڭ ياللۇغ قايتۇرۇش، يۇقۇملىنىشقا قارشى تۇرۇش، قان تازىلاش، تال، جىگەر توسالغۇلىرىنى ئېچىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، يەل تارقىتىش، ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇش تەسىرى بار بولۇپ، بۇنىڭ ياغىچىدىن ياسالغان تەگنىدە يۇغۇرۇلغان خېمىردا تاماق ئېتىپ يېگەندە، قورساق كۆپۈش، ھەزىم ناچارلىقى، ئىچى سۈرۈش، قۇلىنجى، قان قويۇقلىشىش قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ياغىچىدىن ياسالغان تۇڭ ياكى چېلەكتە سۇ ساقلاپ ئىچكەندە، سۇنى تازىلاپ، سۈزۈش مەقسىتىگە يەتكىلى، قان بۇزۇلۇش، قىچىشقاق، تېرە ياللۇغى قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

**5. سۆگەت ياغىچىدىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى:**

ئەجدادلىرىمىز سۆگەت ياغىچىدىن ئاساسلىقى لېگەن، تەخسە، پەتنۇس، مانتا قاسقىنى، دۆشە، ئاياق قاتارلىقلارنى ياساپ ئىشلەتكەن.

لېگەن، تەخسە، پەتنۇس قاتارلىق بۇيۇملار قەدىمدىن تارتىپ خەلقىمىز تەرىپىدىن ئىشلىتىلىپ كېلىنگەن. بۇ خىل بۇيۇملارنىڭ ئىشلىتىلىش تارىخى ئۇزاق بولۇپ، نىيە خارابىسىدىن بىر دانە ياغاچ تەخسە (يادىكارلىقلاردىن مەدەنىيەتمىزگە نەزەر، 38 ـ بەت)، قومۇل شەھىرى قارا دۆۋە يېزىسىدىكى قارا دۆۋە قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان بىر دانە ياغاچ پەتنۇس (يادىكارلىقلاردىن مەدەنىيەتمىزگە نەزەر، 45 ـ بەت)، تۇرپاننىڭ پىچان سۇ بېشى قەبرىستانلىقىدىن ياغاچ لېگەن تېپىلغان. بۇ خىل بايقاشلارمۇ ياغاچ تەخسە، لېگەن، پەتنۇس قاتارلىقلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ خەلقىمىز تەرىپىدىن ئىشلىتىلىپ كېلىنگەنلىكىنى مۇھىم ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

مانتا قاسقىنى ھازىرمۇ كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، ئۇمۇ ئاساسلىقى سۆگەت ياغىچىدىن ياسىلىدۇ.

دۆشە قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىشلىتىلىپ كېلىنگەن ياغاچ بۇيۇم بولۇپ، بۇ ھەرقانداق ئائىلىدىن تېپىلىدۇ. بۇ گۆش پارچىلاش، چاناشقا ئىشلىتىلىدۇ. كېرىيە دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ قارادۆڭ قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن ئۇزۇنلۇقى 23.7 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 12.3 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 1.8 ـ 1.4 سانتىمېتىر كېلىدىغان بىر دانە دۆشە بايقالغان (قەدىمكى خوتەن، 91 ـ بەت) بولۇپ، بۇ ياغاچ دۆشىنىڭ ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن قەدىمدىن تارتىپ ئىشلىتىلىپ كېلىنگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

يۇقىرىقى بۇيۇملارنىڭ ھەممىسى سۆگەت ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. ئادەتتە سۆگەت تەركىبلىرىنىڭ ھارارەت پەسەيتىش، قىزىتما قايتۇرۇش، مېڭە، ئۆپكە، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، تەرەتنى يۇمشىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، سۈيدۈك ھەيدەش تەسىرى بار بولۇپ، سۆگەت ياغىچىدىن ياسالغان تەخسە ۋە لېگەندە ئۇزاق مۇددەت تاماق يېگەندە، سۆگەت ياغىچىنىڭ تەسىرى تاماققا سىڭىپ، باش، كۆز ئاغرىقى، ئۇسسۇزلۇق، قىزىتما، يۈرەك رىتىمسىزلىقى، سەپرالىق ئىچى سۈرۈش، ئاشقازان ئاجىزلىقى، قورساق كۆپۈش قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. سۆگەت ياغىچىدىن ياسالغان قاسقاندا مانتا پىشۇرۇپ يېگەندە، باش ئاغرىقى، ئۇسسۇزلۇق، قىزىتما، سەپرالىق ئىچى سۈرۈش، ئاشقازان ئاجىزلىقى، قورساق كۆپۈش قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. سۆگەت ياغىچىدىن ياسالغان دۆشىدە داۋاملىق گۆش پارچىلاپ ئىستېمال قىلغاندا، سۆگەت ياغىچىنىڭ تەسىرى گۆشكە سىڭىپ، ئۆپكە سىلى، يۈرەك رىتىمسىزلىقى، يۇقىرى قىزىتما، ئۆپكە ياللۇغى قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ھازىرمۇ خەلق ئارىسىدا سۆگەت ياغىچىدا ياسالغان دۆشىنى داۋاملىق ئىشلەتسە ئۆپكە سىلىغا شىپا بولىدۇ دەيدىغان قاراشلارمۇ مەۋجۇت.

سۆگەت ياغىچىدىن چېلەك، كۆپ قاتارلىقلارمۇ ياسىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ياغىچىدىن ياسالغان چېلەك ياكى تۇڭدا ساقلانغان سۇنى ئىچكەندە، سۇنى سوغۇق ساقلاش مەقسىتىگە يەتكەندىن سىرت، يەنە سۆگەت ياغىچىنىڭ تەسىرى سۇغا سىڭىپ كاناي، كېكىرتەك ياللۇغى، جاراھەتنىڭ ۋاقتىدا ساقايماسلىقى، يۇقىرى قىزىتما،

سۈيدۈك يولى تاش كېسەللىكلىرى قاتارلىقلارنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ۋە داۋالىغىلى بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا سۆگەت ياغىچىدىن ئاياق، كورا، جام قاتارلىقلارمۇ ياسىلىدىغان بولۇپ، بۇ خىل بۇيۇملاردا تاماق يېگەندە بۇلارمۇ يۇقىرىغا ئوخشاش پايدىلىق تەسىرىنى بېرىدۇ. سۆگەت ياغىچىدىن يېمەكلىك ۋە دورا-دەرمەك ساقلايدىغان قۇتىمۇ ياسىلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭدا يېمەكلىك ياكى دورا-دەرمەك ساقلىغاندا، بۇلارنىڭ ئاسان بۇزۇلۇپ قېلىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىپلا قالماستىن يەنە ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن تېخىمۇ پايدىلىق تەسىرىنى بېرىدۇ.

**6. جىگدە ياغىچىدىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى:**

جىگدە ياغىچىدىن يېلىم چىلىغۇچ، پىيالە قاتارلىقلار ياسىلىدۇ.

يېلىم چىلىغۇچ ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ تەبىئىي گىرىم بۇيۇمى بولغان جىگدە يېلىمىنى چىلاپ، سۇيۇق ھالەتكە كەلتۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ قاچا بولۇپ، ئۇنىڭدا يېلىم چىلىغاندا، يېلىم ئاسان بۇزۇلۇپ قالمايدۇ، يېلىمنىڭ ئەسلي تەبىئىتىنى ساقلاپ، تەسىرىنى كۈچەيتكىلى، چاچنىڭ زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

پىيالە خەلقىمىز تۇرمۇشىدا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇم بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز ئۇنى ئاساسلىقى چاي، قايناق سۇ ۋە شەربەت دورىلارنى (رەيھان شەربىتى) ئىچىشكە ئىشلەتكەن. ھازىرمۇ بۇ خىل بۇيۇم كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىدۇ.

ئادەتتە جىگدە تەركىبىنىڭ بەدەننى قۇۋۋەتلەش، تىنچلاندۇرۇش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، چاچ ئۆستۈرۈش، چاچنى جانلاندۇرۇش، باش قېچىشىش ۋە كېپەكلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرى بار. بۇنىڭ ياغىچىدىن ياسالغان يېلىم چىلىغۇچنى ئىشلەتكەندە، يېلىمنىڭ تەسىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، چاچقا چېپىلغاندىن كېيىن چاچنى ئۆستۈرۈش ۋە قارايتىش مەقسىتىگە يەتكىلى، چاچ كېپەكلىشىش، چاچ چۈشۈش ۋە شالاڭلىشىش، باش قېچىشىش، باش ئاغرىش، ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىقلارنىڭ ئالدىنى ئالغىلى، مېڭە ۋە باشقا نېرۋا ئەسەبلىرىنى قۇۋۋەتلەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

جىگدە ياغىچىدىن ياسالغان پىيالە ياكى قەدەھتە چاي ياكى قايناق سۇ ۋە ياكى شاراب (رەيھان شەربىتى، مۇسەللەس) ئىچكەندە، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، نېرۋىلارنى تىنچلاندۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ، شۇنداقلا شارابنىڭ ئىچىنى سۈرۈش، باش قېيىش، باش ئاغرىش، ھەزىم بۇزۇلۇش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

**7. تېرەك ياغىچىدىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى:**

تېرەك ياغىچىدىن كۆپىنچە ئاياق، نوگاي، ھاۋانچا، بۆشۈك، ئورۇندۇق، كارىۋات، ئۆي، يېلىم چىلىغۇچ قاتارلىقلار ياسىلىدۇ.

ياغاچ ئاياق قەدىمدىن ھازىرغىچە خەلقىمىز ئارىسىدا ئىشلىتىلىپ كېلىنىۋاتقان يېمەك-ئىچمەك بۇيۇمى بولۇپ، ئۇ ئاساسلىقى تاماق يېيىش ۋە تاماقلارنى ساقلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. ياغاچ ئاياقنىڭ خەلقىمىز ئارىسىدا ئىشلىتىلىش تارىخى ناھايىتى ئۇزاق بولۇپ، پىچان ناھىيەسىدىكى ئۈچكۆۋرۈك قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن ياغاچ ئاياقنىڭ تېپىلىشى (قەدىمكى تۇرپان، 66-، 67-بەت) ۋە تۇرپان شەھىرىنىڭ تەخمىنەن 40 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىدىكى ئاستانە كەنتىنىڭ شىمالىغا ۋە قارا خوجا كەنتىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن ئېچىگە ئۇگرە، پىرەنىك سېلىنغان ئاياق تېپىلىشى (قەدىمكى تۇرپان، 183-بەت) ئۇنىڭ خەلقىمىز ئارىسىدا نۇرغۇن يىللار بۇرۇن ياسىلىپ ئىشلىتىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئاياق بەدەنگە ھېچقانداق زىيانلىق تەسىرى بولمىغان، ساپ يېمەك-ئىچمەك بۇيۇمى بولۇپ، ئۇ كۆپىنچە تېرەك (ھاڭگا تېرەك) ياغىچىدىن ياسىلىدۇ.

نوگايمۇ ساپ، زىيانسىز، تەبىئىي تۇرمۇش بۇيۇمى، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تۇرمۇشىغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن. نىيە خارابىسىدىن بىر دانە ياغاچ نوگاي تېپىلغان بولۇپ (يادىكارلىقلاردىن مەدەنىيىتىمىزگە نەزەر 38-بەت)، بۇ ياغاچ نوگاينىڭ بۇرۇندىنلا خەلقىمىز تەرىپىدىن ئىشلىتىلىپ كېلىنگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئادەتتە نوگاي تېرەك ياغىچىدىن ياسىلىپ، سۇ ئېلىش، سۇ قاچىلاش، سۇ ئىچىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

ئادەتتە تېرەك ياغىچى تەركىبلىرىنىڭ قەۋزىيەتنى بوشىتىش، قۇلىنجى ۋە قورساق ئېسىلىشنى يوقىتىش، يەل تارقىتىش قاتارلىق تەسىرى بار، تېرەك ياغىچىدىن ياسالغان ئاياقتا ئۇزاق مۇددەت تاماق يېگەندە تاماقنى ئاسان

سوۋۇتۇپ ئىستېمال قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولۇپلا قالماي، يۇتقۇنچاق، قىزىلئۆڭگەچ، ئاشقازان كېسەللىكلىرى كېلىپ چىقىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. تېرەك ياغىچىنىڭ تەسىرى يەنە تاماقتا سىڭىپ، قەۋزىيەت، قۇلىنجى، قورساق ئېسىلىش، يەل يىغىلىۋېلىش قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ياغىچىدىن تەييارلانغان نوگاينى ئىشلەتكەندە، قەۋزىيەت، قۇلىنجى، قورساق ئېسىلىش، يەل يىغىۋېلىش قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا ياغاچ دۆشە، ئاياق، ياغاچ جام، ياغاچ كورا، ياغاچ چۆچەك، ياغاچ چىنە، كاسا، مانتا قاسقىنى قاتارلىقلارمۇ تېرەك ياغىچىدىن ياسىلىپ، تاماق يېيىش ۋە تاماقلارنى ساقلاشقا ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، بۇلاردا يېمەك-ئىچمەك ئىستېمال قىلغاندىمۇ يۇقىرىقى تەسىرلەرنى بېرەلەيدۇ.

هاۋانچىغا كەلسەك، خەلقىمىز ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆسۈملۈك، گۈل-گىياھ، ئوت-چۆپلەرنىڭ سالامەتلىككە بولغان پايدىلىق تەرەپلىرىنى بايقاپ، ئۇنىڭ پايدىلىق قىسمىنى ئايرىۋېلىپ چاي قىلىپ ئىچكەن هەم ئۇنى سوقۇپ يۇمشىتىشقا ياغاچ هاۋانچىدىن پايدىلانغان. هەتتا دورا سوقۇشقا ئىشلىتىلىدىغان توقماقنىمۇ ياغاچتىن چىرايلىق قىرىپ ئىشلەتكەن. ياغاچ هاۋانچىنى ئەجدادلىرىمىز مەخسۇس چاي، دورا-دەرمەكلەرنى سوقۇش، يۇمشىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىپ كەلگەن بولۇپ، هازىرمۇ ياغاچ هاۋانچا كۆپلىگەن ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ تېرەك ياغىچىدىن ياسىلىدىغان ساپ، زىيانسىز، تەبىئىي تۇرمۇش بۇيۇمى هېسابلىنىدۇ.

بۆشۈكمۇ خەلقىمىز ئۆز پەرزەنتلىرىنى پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرۈش داۋامىدا ياغاچتىن پايدىلىنىپ ياساپ ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا پەرزەنتلىرىنى بۆلەپ، بوۋىقىنى ساغلام، ئەقىللىق قىلىپ ئۆستۈرگەن. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»دە «بەشىك» سۆزىنى بۆشۈك دەپ ئىزاھلىغان (1-توم، 531-بەت) بولۇپ، بۇنىڭدىن بۆشۈكنىڭ قەدىمدىنلا ياسىلىپ ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۆشۈك هازىرمۇ كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق بوۋاقلارنىڭ ئومۇرتقا ۋە پۇت-قوللىرىنىڭ نورمال تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى، بوۋاقلاردىكى يوغان باشلىق، باش مايماق بولۇپ قېلىش، دوكلۇق، ئومۇرتقا ئەگرىلىكى، پۇت تاش مايماق ياكى ئىچ مايماق بولۇپ قېلىش، راخىت كېسەللىكلىرى قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

كارىۋات ياساپ ئىشلىتىشكە كەلسەك، ئەجدادلىرىمىز ياغاچتىن كارىۋات ياساپ، ئۇنىڭدا ئارام ئالغاندىن سىرت، يەنە ئۆزىنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش مەقسىتىگە يەتكەن. ئادەتتە ياغاچتىن ياسالغان كارىۋاتتا ياتقاندا ئادەمنىڭ غول، بەل، كاسا قىسمى بىر تەكشىلىكتە تۇرىدىغان بولغاچقا، ئومۇرتقا نورمال فىزىئولوگىيەلىك هالىتىنى ساقلاپ، بەل ۋە ئومۇرتقىلاردا پەيدا بولىدىغان ئومۇرتقا ئەگرىلىكى، ئومۇرتقا تەخسىسى قوزغىلىش قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز ياغاچتىن ئورۇندۇقمۇ ياساپ ئىشلەتكەن بولۇپ، هازىرمۇ هەممە ئائىلىدە ياغاچ ئورۇندۇقنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئادەتتە ياغاچتىن ياسالغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرغاندا مەقئەت ۋە مەزى بېزى ساھەسى بېسىلىشقا ئۇچرىمايدىغان بولغاچقا، يەرلىك ئورۇننىڭ قان بىلەن تەمىنلىنىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىپ بوۋاسىر، مەزى بېزى ياللۇغى قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز ياغاچتىن پايدىلىنىپ ئۆي بەرپا قىلىپ، ئۆز تۇرمۇشىنى قامداپ كەلگەن. ئۇيغۇرلاردا ياغاچتىن پايدىلىنىپ ئۆي سېلىش ئادىتى هازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، هازىرمۇ ياغاچ مول بولغان رايونلاردا ئۆيلەر ياغاچتا سېلىنىدۇ. ياغاچتا سېلىنغان ئۆيلەر سالقىن، هاۋالىق، قۇرغاق، ئىللىق بولۇپ، بۇنداق ئۆيلەردە تۇرغاندا تۇرلۇك نەپەس ئەزالىرى كېسەللىكلىرى، هۆللۈكتىن پەيدا بولىدىغان كېسەللىكلەر، بوغۇم ئاغرىقى هەم سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. يورۇقلۇق كۆپ چۈشۈپ تۇرىدىغان بولغاچقا كالتسىي يېتىشمەسلىك، سۆڭەك يۇمشاش قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

**8. ياغاچ ياغىچىدىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى:**

ياغاچ ياغىچىدىن پىيالە، قەدەھ، شۆمەك قاتارلىقلار ياسىلىدۇ.

پىيالە بۇرۇنقى ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن ئىشلىتىلىپ كېلىنگەن بولۇپ، هازىرمۇ ياغاچ پىيالە ياكى قەدەهنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. نىيە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن ياغاچ



قەدەھ تېپىلغان (ياغاچ قاچا-قۇچا ياساش، 4-بەت). ياغاچ پىيالە ياكى قەدەھ چىرايلىق، نەپىس بولغاچقا، مەخسۇس سەنئەت بۇيۇملىرى قاتارىدا ئۆينىڭ كۆزگە چېلىقىدىغان ئورنىغا تىزىپ قويۇلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى گۈزەللىك ئېڭى سىڭگەن. ئادەتتە ئەجدادلىرىمىز بۇ خىل بۇيۇملارنى چاي ۋە باشقا سۇيۇق تۈردىكى دورىلارنى (رەيھان شەربىتى، زەبىب شەربىتى) ئۆلچەملىك مىقداردا ئىچىشكە ئىشلەتكەن.

ئادەتتە ياڭاق تەركىبىنىڭ نىرۋا ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، ھەزىمنى ياخشىلاش، ئۇزۇقلۇق تولۇقلاش، تېرىنى پارقىرىتىش قاتارلىق تەسىرى بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ياغىچىدا ياسالغان پىيالە ياكى قەدەھتە چاي ياكى شەربەت (رەيھان شەربىتى، مۇسەللەس) دورىلارنى ئىچكەندە، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى، شەربەت دورىلارنىڭ نىرۋىلارنى مەست قىلىپ خىزمىتىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ قويۇشىدىن ساقلانغىلى، نىرۋىلارنى تىنچلاندۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ، شۇنداقلا شارابنىڭ ئىچنى سۇرۇش، باش قېيىش، باش ئاغرىش، ھەزىم بۇزۇلۇش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

ياڭاق ياغىچىدىن شۇمەكمۇ ياسىلىدىغان بولۇپ، ياڭاق ياغىچىنىڭ تەبىئىتى ئىسسىق بولغاچقا، ئۇنىڭ ياغىچىدىن شۇمەك ياساپ ئىشلەتكەندە، بوۋاقلارنىڭ چات قىسمىدىكى نەملىكنى قۇرۇتۇپ، بوۋاقلارنىڭ چات ئارىلىقلىرى كۆپ ھۆللىنىش سەۋەبىدىن بولغان ئېچىشىش، قىزىرىش، شەلۋەرەش، پىچىلىش قاتارلىق ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

**9. ئۈجمە ياغىچىدىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى:**

ئۈجمە ياغىچىدىن تاختا-نوغۇچ، يايغۇ، چويلا قاتارلىقلار ياسىلىدۇ.

تاختا-نوغۇچ، يايغۇ قاتارلىقلار خەلقىمىز ئارىسىدا كەڭ-كۆلەمدە ئىشلىتىلىپ كېلىنىۋاتقان ياغاچ بۇيۇملار بولۇپ، ھازىرمۇ ھەممە ئائىلىدىن دېگۈدەك ياغاچ تاختا-نوغۇچ، يايغۇ تېپىلىدۇ. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە «نوغۇچ» سۆزىنى خېمىر يايىدىغان ئەسۋاب دەپ ئىزاھلىغان (1-توم، 544-بەت) بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇرۇندىنلا نوغۇچنى ئىشلىتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ياغاچ چويلا: ئەجدادلىرىمىز ئۇندىن يېمەكلىكلەرنى تەييارلاشنى باشلىغاندىن تارتىپ ياساپ ئىشلىتىپ كەلگەن بىر خىل ئاش سۈزگۈچ. بۇ ھەقتە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسەردە «چوۋلى» سۆزىنى ئىزاھلاپ،

«چوۋلى» دەپ ئاتالغان سۆز چويلا دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇ چۆپ سۈزۈلىدىغان چويلا، بۇ ھۆل چوڭقلاردىن توقۇلىدۇ دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 3 - توم، 599 - بەت). 1959 - يىلدىكى نىيە خارابىسىدىن بىر دانە ياغاچ سۈزگۈچ (چويلا) يىغىۋېلىنغان (قەدىمكى خوتەن، 162 - بەت).

ئادەتتە بۇ خىل بۇيۇملار ئۆجمە ياغىچىدىن ياسىلىدىغان بولۇپ، ئۆجمە تەركىبىنىڭ توسالغۇلارنى ئېچىش، بەلغەم بوشىتىش، ئۆپكىنى قۇۋۇەتلەش، قىزىتما ياندۇرۇش، تېرىگە رەڭ بېرىش، ھارارەت پەسەيتىش قاتارلىق تەسىرى بار. ئۆجمە ياغىچىدىن ياسالغان نوغۇچ ۋە تاختا بىلەن يېيىلغان خېمىرنىڭ تامىقىنى ئىستېمال قىلغاندا ئۇنىڭ تەسىرى تاماققا سىڭىپ، گال يىرىڭلاش، ئاۋازى پۇتۇپ قېلىش، تېرە قۇرغاقلىشىش، يۆتەل، قەۋزىيەت قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ياغاچ چويلا ئادەتتە ئۆجمىنىڭ ئىنچىكە ھۆل شاخلىرىدىن توقۇلىدىغان بولۇپ، كۆپىنچە لەغمەن، ساڭزا، قۇيماق قاتارلىقلارغا ئوخشاش تاماقلارنى سۈزۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۆجمە چوڭقىدىن ياسالغان چويلىدا يېمەك - ئىچمەكلەرنى سۈزگەندە، ئۇنىڭ تەسىرى يېمەك - ئىچمەككە سىڭىپ، ئىستېمال قىلغان يېمەكلىكلەردىن ھەزىم ناچارلىق، ئۈچەي مەددە قۇرتى، كۆز ياشاڭغۇراش، سۆلۈق ئىششىق، باش ئاغرىش، چىش ئاغرىقى قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

**10. ئامۇت ياغىچىدىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى:**

ئامۇت ياغىچىدىن چۆمۈچ، تەگنە ياسىلىدۇ.

ئادەتتە ئامۇت تەركىبىنىڭ زەھەر قايتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، يۈرەكنى قۇۋۇەتلەش، تېرىنى پارقىرىتىش، ئاشقازاننى قۇۋۇەتلەش، قان تازىلاش قاتارلىق تەسىرى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ياغىچىدىن ياسالغان چۆمۈچنى ئىشلەتكەندە يۆتەل، زىققا، قەۋزىيەت، بوۋاسىر، قورساق ئاغرىقى، ئاشقازان ئېچىشىش، تاماقتىن زەھەرلىنىش، ھەزىم ئاجىزلىقى، قان بېسىمى ئۆرلەش، چىش ئاغرىقى، تېرە يىرىڭلىشىش قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

ئامۇت ياغىچىدىن ياسالغان تەگنىدە يۇغۇرۇلغان خېمىردا تاماق تەييارلاپ ئىستېمال قىلغاندا، چىش ئاغرىقى، باش ئاغرىش، سۆلۈق ئىششىق قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

**11. يۇلغۇن ياغىچىدىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى:**

ئەجدادلىرىمىز يۇلغۇن ياغىچىدىن كاۋاپ زىخى، پىچاق قاتارلىقلارنى ياساپ ئىشلەتكەن.

كاۋاپ زىخنى ئۇيغۇرلار كاۋاپ پىشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەتكەن بولۇپ، ئۇ كاۋاپ بىلەن تەڭلا بارلىققا كەلگەن ھەم داۋاملىق ئىشلىتىلىپ كېلىنىۋاتىدۇ. 1986 - يىلى چەرچەن دەرياسى ۋادىسىدىكى زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى M2 - نومۇرلۇق قەبرىدىن يۇلغۇن زىخىغا ئۆتكۈزۈپ قويۇلغان پاقلان گۆشى كاۋىپى تېپىلغان (قەدىمكى كروران، 182 - بەت). يۇلغۇن زىخ ھازىرمۇ ئاندا - ساندا گۆشنى كاۋاپ قىلىپ پىشۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

يۇلغۇن زىخىدىن ئەجدادلىرىمىز يېمەكلىكلەرنى پارچىلاش، كېسىش ئۈچۈن بىرەر ئەسۋاب بولمىغان شارائىت ئاستىدا پىچاق ياساپ ئىشلەتكەن. كروران قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىكى ئىمارەت خارابىسىدىن ياغاچ پىچاق تېپىۋېلىنغان بولۇپ (قەدىمكى كروران 253 - بەت)، بۇ خىل بايقاش ياغاچ پىچاقنىڭ خەلقىمىز تەرىپىدىن بۇرۇن ئىشلىتىلگەنلىكىنى مۇھىم ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ. ياغاچ پىچاقنى ھازىر خەلقىمىز ئىشلەتمىسىمۇ، لېكىن خەلقىمىز تەرىپىدىن قەدىمدە ياسىلىپ ئىشلىتىلىپ كېلىنگەن. يەنى خەلقىمىز يۇلغۇن ياغىچىدىن پىچاق ياساپ (يۇلغۇن ياغىچى قاتتىق، چىداملىق بولغاچقا)، ئۇنى يېمەكلىك پارچىلاش، سەي كۆكتات توغراش، مېۋە - چېۋە ئاقلاش ئۈچۈن ئىشلەتكەن.

ئادەتتە يۇلغۇن تەركىبىنىڭ باكتېرىيە ئۆلتۈرۈش، قان توختىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، قىزىتما قايتۇرۇش تەسىرى بولغاچقا، بۇنىڭ زىخىدا تەييارلانغان گۆش كاۋىپىنى ئىستېمال قىلغاندا، يۇلغۇننىڭ تەسىرى گۆشكە سىڭىپ، يېگەن گۆشنىڭ ھەزىمنى بۇزۇش، ئىچنى سۈرۈش، قىزىتما، قان قويۇقلىشىش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. يۇلغۇن ياغىچىدىن ياسالغان پىچاقتا يېمەكلىكلەرنى توغراپ ئىستېمال قىلغاندا، تۈرلۈك ھەزىم ئەزا كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. يۇلغۇن تەركىبىنىڭ يەنە باكتېرىيە ئۆلتۈرۈش، قان توختىتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرىمۇ بولغاچقا،

يىرىڭلىق چاقا، يىرىڭلاش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەردە يەرلىك ئورۇندىكى يىرىڭنى ئاققۇزۇش ئۈچۈن يەرلىك ئورۇننى كېسىش ئۈچۈن يۇلغۇن ياغىچىدىن پىچاق ياساپ ئىشلەتكەن. نەتىجىدە يەرلىك ئورۇننىڭ يۇقۇملىنىپ قېلىشىدىن ساقلىنىپ قالغان.

ئۇنىڭدىن باشقا ئەجدادلىرىمىز يۇلغۇن چىۋىقىدىن سېۋەت توقۇپ، ئۇنى مېۋە-چېۋە، كۆكتات ساقلاش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ياغىچىدىن توقۇلغان سېۋەتتە مېۋە-چېۋە، سەي-كۆكتات ساقلىغاندا، مېۋە-چېۋە، سەي-كۆكتاتلارنىڭ ئاسان بۇزۇلۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولۇپلا قالماستىن، مۇنداق سېۋەتلەردە ساقلانغان مېۋە-چېۋە ۋە سەي-كۆكتاتلارنى ئىستېمال قىلغاندا، ئىچى سۈرۈش، قورساق ئاغرىش پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

**12. ئالما ياغىچىدىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى:**

ئەجدادلىرىمىز بۇرۇندىن تارتىپ ئالما ياغىچىدىن قوتا ياساپ ئىشلىتىپ كەلگەن. ھازىرمۇ يېزا - قىشلاقلاردا كۆپىنچە ئائىلىدە ياغاچ قوتىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئادەتتە ياغاچ قوتا چۈچۈتۈلگەن ماي، ھايۋانلارنىڭ ئېرىتىلگەن مايلىرى، تۇرلۇك مېۋىلەرنىڭ مۇرابباللىرى قاتارلىقلارنى ساقلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. ياغاچ قوتا ئۇيغۇرلارنىڭ ياغاچ قىرمىچىلىق سەنئىتىدىكى باشقا تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا ئوخشاش تەبىئىي، زىيانسىز مەھسۇلات بولۇپ، ئۇنىڭغا تۇرمۇش يېمەكلىكلىرىنى قاچىلىغاندا، يېمەكلىكلەر ئاسان بۇزۇلۇپ قالمايدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئېغىزىدىن ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان بولغاچقا، يېمەكلىكنىڭ بۇزۇلۇپ قېلىشىدىن، رەڭگى ۋە تەمىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى، يېمەكلىكلەرنى ئۆزىنىڭ ئەسلي تەبىئىتى بويىچە ساقلىغىلى بولىدۇ.

قوتا ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئالما ياغىچىنىڭ تەركىبىنىڭ زەھەر قايتۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، يۈرەك ھەرىكىتىنى تۇراقلاشتۇرۇش، ماي پارچىلاش قاتارلىق تەسىرى بولغاچقا، ئالما ياغىچىدىن ياسالغان قوتىدا يۇقىرىقىغا ئوخشاش ماي تەركىبلىك يېمەكلىكلەرنى ساقلاپ ئىشلەتكەندە، ئالمىنىڭ ماي پارچىلاش تەسىرى ياخشى بولغاچقا، ماي بەدەنگە قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن مايىنىڭ پارچىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەزىمنى ناچارلاشتۇرۇش تەسىرىنى ئازايتىدۇ، ھەزىمنى ياخشىلاپ، بەدەندە ماي ماددىسى يىغىلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ھەم ئۆت ۋە جىگەر ياللۇغى، قان مېيى يۇقىرىلاش، قان تومۇر توسۇلۇش قاتارلىق كېسەللىكلەردىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

**12. قومۇش ياغىچىدىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى:**

قومۇش ياغىچىدىن ئاساسلىقى چىغ قالپاق ياساپ ئىشلىتىلىدۇ. قالپاق باشقا كىيىلىدىغان ئاددىي باش كىيىمى بولۇپ، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز قومۇش ياغىچىدىن پايدىلىنىپ قالپاق توقۇپ، ياز پەسلىدە، پىژغىرىم ئىسسىقتا سەپەرگە چىققاندا ياكى ئېتىزلاردا ئىشلىگەن ۋاقىتلاردا ئىسسىقلىقنىڭ باشقا تەسىر قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بېشىغا كىيىۋالغان. ئادەتتىمۇ ياز پەسلىدىكى كۈچلۈك ئىسسىقتا ئۇزاق مۇددەت مەشغۇلات ئېلىپ بارغاندا، باشقا ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىپ، باش ئاغرىقى، كۆز ئاغرىقى، مېڭە خىزمىتى قالايمىقانلىشىش، بۇرۇن قاناش، كۆپ ئۇسساش، قىزىتما، نېرۋا مەنبەلىك قۇسۇش قاتارلىقلارغا ئوخشاش بىر قىسىم كېسەللىكلەر كېلىپ چىقىدۇ. قومۇش ياغىچىدىن توقۇلغان قالپاقنى كىيىۋالغاندا، كۈن نۇرىنىڭ ئىسسىقلىقىنى توسۇپ، باشقا ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىشتىن ساقلاپ، يۇقىرىقى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. قومۇش ياغىچىدىن توقۇلغان قالپاقتىن ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان بولغاچقا، باش تەرلەش، چاچ چۈشۈش، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى، تەرلەشتىن كۆپ پەيدا بولىدىغان تەر تەمرەتكىسى، تاز، باش ھۆل تەمرەتكىسى قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

دېمەك، ئەمگەكچەك، ئەقىل-پاراسەتلىك ئۇيغۇر خەلقى تۇرمۇشنىڭ ئەڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىگىچە ئەھمىيەت بېرىپ، ياغاچتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساپ، ئۆز تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن ئىشلەتكەندىن سىرت، يەنە ئۇنى ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىنى ئاسراش، نورمال مىزاجىنى ساقلاش، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ ئۆز نەسلىنى ساغلام داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندىمۇ بۇ خىل ياغاچ بۇيۇملار ئۆز قىممىتىنى يوقاتماي، ئەتىۋارلىنىپ كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىپ كېلىنىۋاتىدۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىدە)

# كۈن چىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى



**تۈشنىڭ تەبىرى**

مېجىد ئاخۇن، 1891 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، چۈشتىن بۇرۇن، تۇرپان

1. تۈشىدە بىرىنى ئارابادا ئولتۇرغىنىنى كۆرسە، شۇ ئارابادا ئولتۇرغانىنىڭ ئۆمرى كالتا بولۇر.

2. تۈشىدە ئادەم ئۇزۇن يول مېڭىپ تۈش كۆرسە، بۇ كىشىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولۇر.

3. تۈشىدە ئەشەك مىنىپ پارسا، بۇ كىشىنىڭ بەختى قېلىن بولۇر.

4. تۈشىدە ھەر كىشى ئاز ـ تولا بۇغداي كۆرسە، شۇ ئادەم غامدار بولغۇدەك.

5. ھەر كىشى تۈشىدە ئاز بولساما، تولا بولساما، پوق كۆرسە، پوق كۆرگەن كىشى ھەرقاچان دۇنيادار بولۇر.

6. ھەر كىشى تۈشىدە ئۈچۈپ تۈش كۆرسە، غامدىن خالاس بولۇر.

7. ھەر كىشى تۈشىدە ئاققا چىقىپ تۈش كۆرسە، بۇ كىشىنىڭ كۈندىن كۈنگە مەرتەبىسى ئېگىز، دۆلىتى زىيادە بولۇر.

8. ھەر كىشى تۈشىدە ئۇلۇق، سۈزۈك سۇ كۆرسە، شۇ كىشىنىڭ بەختى تالىيى تولا بولۇر.

9. ھەر كىشى تۈشىدە لاي سۇ كۆرسە، ساداغا بەرمەك كەرەك؛ ساداغا بەرمەسە، ئول يىلدىن يىلغا ئاغرىقچان بولۇر.

10. ھەر كىشى تۈشىدە پىشىق گۆش يەپ تۈش





كۆرسە، ئۇل كىشىگە رىزقى نېسبەسى تولا بولۇر؛ خام گۆش يەپ تۇش كۆرسە، كۆندىن كۆڭگە مەرتەبىسى پېسلەر.

11. ھەر كىشى تۇشىدە ھەر قايداق يېمىشنىڭ پىشىغىنى يەسە، ئۇل كىشىنىڭ ھەر جايدا رىزقىسى تولا بولۇر.

12. ھەر كىشى تۇشىدە تۆگە مىنسە، ئۇلۇق ئېزىز- لارنى كۆرگەن بولۇر؛ بۇلار غايىت-بوي سىپلىپ دۇگا قىلماق كەرەك؛ يىت-بوي سالماسا، شۇ تۇشنى كۆرگەنگە زىيان بولادو.

13. ھەر كىشى تۇشىدە شاپتۇلا يەپ تۇش كۆرسە، ئۇل كۈنى كۆن كەش بولغۇچە روزا تۇتماق كەرەك؛ بۇ تۇشنىڭ روزىسىنى شۇ تۇشنىڭ ھەققىغە بېغىشلاپ دۇگا قىلسا، كۆندىن كۆڭگا بۇ كىشى ئىززەت ھۆرمەتلىك بولۇر؛ يا روزا تۇتماسا، كۆندىن كۆڭگە ھالى خارەپ بولۇرلار.

14. ھەر كىشى تۇشىدە قۇم دەپسەپ تۇش كۆرسە، ئۇزۇن سەپەر قىلۇرلار.

15. ھەر كىشى تۇشىدە يېڭى ئېگىل كەيسە، ئۇل كىشىگە دۆلەت قوڭغايلار؛ ئەسكى ئېگىل كەيسە، كۆندىن كۆڭگە ھالى خاراپ بولغايلار.

16. ھەر كىشى ياخشى تۇش كۆرسە ما، يامان تۇش كۆرسەما، ساداغا بەرمەك كەرەك؛ ياخشى تۇش بولسا، ساداغا بولادو، يامان تۇش بولسا، كاپارەت بولۇر.

17. ھەر كىشى تۇش كۆرسە، تۇشنى دۇشمەنگە ئۆرمەك كەرەك. تۇشنى دوستىغا ئەيتسا، يامان بولۇر؛ دۇشمەن يامان سۆز سۆزلەر بولسا، بۇ كەچىسى كۆركەن تۇش-ياخشى بولساما، يامان بولساما، ئەيتا تۇرغان تەگ- بىرگە قاراغۇلىق تۇرۇرلار.

18. ھەر كىشى تۇشىدە ئايىغى سىنىپ تۇش كۆرسە، قۇياشىدىن جىدا بولغۇسدۇر.

19. ھەر كىشىنىڭ تۇشىدە ئېگىز يەردىن پەسكە يىقىل- سا، ھەر تەبىسىدىن كەتەر، ساداغا بەرسە، ئىرەت بولۇر.

20. ھەر كىشى تۇشىدە بىر كىشى بىرلەن سۆزلەش- مەي تۇش كۆرسە، ئۇل تۇشىدە كۆرگەن ئادەمنى ئۇيدا پات كۆرگەي.

21. ھەر كىشى تۇشىدە، خايىسى ئۆز قۇياشى بولسا- ما، باشقا ئادەم بولساما، ئۇل كىشىنى ئۆلۈك كۆرسە، بۇ تۇشىدە ئۆلگەن كىشىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولۇر.

22. ھەر كىشى تۇشىدە ئۆلگەن ئادەملەرنى كۆرسە، دۇگا تەلەپ قىلماق كەرەك؛ دۇگا قىلماسا، شۇ تۇش كۆرگەن كىشىنىڭ بالا-بارقىسى يا ئوتقا كۆيەر، يا سۇغا ئاقار.

مىجىت ئاخۇت، 1891-يىل 8-ئاينىڭ 20-كۈنى، چۇشتىن بۇرۇن، تۇرپان

23. ھەر كىشى تۇشىدە يامغۇر كۆرسە، ئاسماندىن ئۇل كىشىگە رىزقى نېسبە رەھمەت ياققۇسدۇر.

24. ھەر كىشى تۇشىدە ئوغۇل پەنزەت (پەرزەنت- ت) تاپسا، ئۇل كىشى ھەرقاچان غېنى، ئالىم بولۇر.

25. ھەر كىشى تۇشىدە قىز پەنزەت (پەرزەنت-ت) تاپسا، شۇ كىشىنىڭ ئۆيىگە رىزقى نېسبەلەر پەيدا بولغۇسدۇر.

26. ھەر كىشى تۇشىدە يالاڭاش ئادەمنى كۆرسە، ئۇل كىشى قىلغان گۇنالىرىدىن خالاس بولۇر.

27. ھەر كىشى تۇشىدە خىتا كۆرسە، ئېزىز مۇكەر- رەم بولۇر.

28. ھەر كىشىنى تۇشىدە خىتا ئۇرغان بولسا، ئۇل كىشىگە بالايەتكۇسدۇر؛ ساداغا بەرمەك كەرەك، ئۇل دۇشمان تۇرۇر.

29. ھەر كىشى تۇشىدە ئىت ئۆلتۇرۇپ تۇش كۆرسە، ئۇل كىشى دۇشماللىرىدىن خالاس بولغۇسدۇر.

30. ھەر كىشى تۇشىدە ھەر كىمنىڭ تويىنى كۆرسە، ئۇل كىشىنىڭ ئەجىلى يەتكەندۇر. كۆركەن كىشى ئۇل كىشىگە بېرىپ «جان ساداغىسى بەرگىن !» دەپ ئەيتىپ قويماق كەرەك.

31. ھەر كىشى تۇشىدە يىلاننى كۆرسە، دۇشمان تۇرۇر؛ ساداغا بەرمەك كەرەك.

32. ھەر كىشى تۇشىدە خوتۇن ئېلىپ تۇش كۆرسە، قولىغا دۇنيا، ھەر تۇرلۇك ئىشلىرى كەلگۇسدۇر.

33. ھەر كىشى تۇشىدە تىشنى (چىشنى-ت) تۇشكې- نىنى كۆرسە، ئۆزى ئەمەلدار بولسا، ياباي بولسا، ھەممە ئىشلىرى كەينىگە ياڭغۇسدۇر.

### لۈكچۇللۇكنىڭ تۇشنىڭ تەبىرى

خوجانايىخان، لوگۇچىن، 1892-يىل 4-ئاينىڭ 5- كۈنى چۇشتىن بۇرۇن تۇرپان

1. ھەر كىشى پىلنى تۇش كۆرسە، چوڭ پايدا كۆرەدو.

2. پىلنى مىنىپ تۇش كۆرسە، پاتشا-زادە بولسا، پاتشا بولادو. سودەگەر بولسا، باي بولادو؛ پۇقارا كۆرسە، ئۇلۇغلاردىن پايدا كۆرەدو.

3. ئاتنى مىنىپ تۇش كۆرسە، سەپەرگە چىقادو.

4. ئاتتىن يىقىلىپ تۇش كۆرسە، سەپەردىن ئاڭا بىر خەتەر بولغاي، يا قاراقچىغا يولۇقۇر؛ ساداقا بەرسۇن !

5. ھەركىم سېمىز كالا تۇش كۆرسە، رىزقى تولا بولۇر؛ ئورۇق كالا تۇش كۆرسە، ئاغرىق بولۇر، زىيان بولۇر؛ ھېچ ئىشىگە ئوبدان بولماس.

6. ھەر كىشى قوي تۇش كۆرسە، ئوبدان موللا يا بىر ئاخۇن كىشى ئاڭا پايدا قىلۇر.

7. ئەگەر ئورۇق قوي تۇش كۆرسە، بىر نامرات، ئۇرۇق-تۇققاللىرى بىرلە كۆرۇشۇر.

8. سېمىز ئۆشكە تۇش كۆرسە، بىر ياش ھارامزادە خوتۇنلاردىن ئىزا يەتەر؛ بۇ خوتۇن يولدىن چىقارۇر.

9. ئەگەر ئورۇق ئۆشكە تۇش كۆرسە، بىر يامان دەللە قېرى خوتۇندىن زەرەل يەتەر.

10. ھەر ئادەم ئىت تۇش كۆرسە، دۈشمەندىن خا-پىلىق يەتەر.

11. ئەگەر ئىت خاپىشىپ تۇش كۆرسە،دۈشمەندىن، يامان كىشلەردىن يا بىر گۇندۇ-پايدىن ئەلەم كەلۇر.

12. ئىت تىشلەپ تۇش كۆرسە، زالىم سىپەدىن، دۈشمەندىن قاتتىق كۆڭلى ئاغرۇر.

13. ھەر كىشى ئەشەك مىنىپ تۇش كۆرسە، ھاكىم بولۇر، باي بولۇر، ھەر ئىشكە ئوبدان بولۇر.

14. ھەر كىم بۆرە كۆرسە، بۇلاڭچىغا يولۇقۇر، قا-راقچىلار تاراش قىلۇر.

15. ھەركىم تۈلكە تۇش كۆرسە، ئاڭا ھارامزادە، ئايار (ھەييار-ت) كىشلەر مەكەر قىلىپ ئەدەپ بىرىپ بىر نەمىسسىگە زەرەل ئۇرۇر، يالغان ئەيتىپ پۇل-مېلىنى ئېلىپ قېچىپ كەتەر.

16. ھەركىم توڭۇز تۇش كۆرسە، بىر چىقىلسىز، يامان، بەت خۇي، زالىم كىشىدىن كۆڭۈل ئاغرۇر.

17. ھەركىم ساچقان تۇش كۆرسە، ئۆيگە ئوغرى كىرەر، زەرەل بولۇر، كۆڭۈل ئاغرۇر.

18. ھەر كىشى يولبارس تۇش كۆرسە، خالالاردىن مەنسەپ بەرۇر، ئۇلۇق بولۇر، دۆلەت كۆرۇر، باي بولۇر.

19. ھەر قانداق ئىش قىلسا راگاچ تاپۇر. (18-چۈشنىڭ ئۇلانمىسى-ت)

20. ئەگەر كىشى ئېيىق تۇش كۆرسە، پەتشەپتىن كۆپ ئەلەم يەتكەي، كۆڭۈل ئاغرىغاي.

21. ھەر كىم كېيىك تۇش كۆرسە، ھايرانچىلىققا قالۇر، سەرگەردان بولۇر؛ ئاجىزلارغا ساداقا بەرسۇن، نىزىر قىلسۇن!

22. ھەركىم توشقان تۇش كۆرسە، پەرزەنت كۆرۇر، ئوغۇل بالا تاپار؛ چوڭ بولغاندا دادىسىغا خىزمەت قىلماس، بىگۇپا بولۇر.

23. ھەر كىم بۈركۈت تۇش كۆرسە، پادىشا بولۇر، ھاكىم بولۇر، خەق ئارىسىدا ئىززىز بولۇر، ھۆرمەتلىك بولۇر.

24. ھەركىم لىچىن تۇش كۆرسە، باتۇر يۈرەكلىك كىشىدىن پايدا كۆرەدۇ.

25. قارغا تۇش كۆرسە، يامان، شۇم خابار ئاڭلايدۇ.

26. نىزىر بەرسۇن، تۆبە قىلسۇن.

27. بۇلبۇل تۇش كۆرسە، بىر قىزغا يا جۇگاڭغا كۆيۈپ قېلىپ ئاشنا بولادو.

28. قاپەزدە تورغاي تۇش كۆرسە، ئوبدان خوتۇن ئۆيگە ئاپ كەلەدو. ياخشى خوتۇن قولىغا تۇشەدو.

29. ئىلان (يىلان-ت) تۇش كۆرسە، دۈشمەننىڭ يا-مىنىنى تۇش كۆرگەن بولادو؛ قورۇقىدىن، ئۆزۈڭگە تولا خاباداربول !

30. ئاق قۇشقاچ تۇش كۆرسە، ئارادا بىر سۆز تۇشۇي-دىغان ئادەم دوسنى يامان قىلادو، يا خوتۇننىڭ ئارىسىدا سۆز توشۇپ خوتۇنى بىرلەن ئىرىنى يامان كۆرەدو.

31. تۇشنى دوستىغا ئەيسا، تۇشنىڭ مەنسى بۆلەك بولۇپ قالادو.

32. تۇشنىڭ ئايىغى ياخشى بولسۇن دەسە، دۈش-مەنگە ئەيسا، تولا ئوبدان بولادو.

33. شۇ سەۋەپتىن تۇشنى ئات ئانىسىغا، خوتۇنىغا، بالىسىغا، ئەيتقىلى بولمايدۇ.

34. ئەگەر بىر ئادەم يامان تۇش كۆرسە، كەسەككە تۇشنى ئاستا ئەيتىپ كەسەكنى ئۆينىڭ تۆبىسىگە تاشلاپ ئاتادۇ.

35. ئاندىن سۈرە ئىخلاسنى ئۈچ قېتىم ئوقۇپ سول مۈرىسىگە دەم سالادو؛ ئىيكىن زىنزە ئاستا ئەيتادو.

36. «خۇدايىم، ئۇيغۇنى بىرىپسەن، بۇ تۇشنىما ماڭا كۆرسىتىپسەن.

37. ياخشى بولساما بۇ تۇش، يامان بولساما ياخشىلىققا ئۆرگىن مۇنى!» دەپ يەرگە ئۈچ تۈككۈرۈپ ئاتادو.

38. شۇنداق قىلسا، يامان تۇشما ياخشىلىققا ئۆرۈلەدو.

39. يا نىزىر قىلىپ چوڭ ئاخۇللارغا دۇئا قىلدۇر-سا، يا بىر نامراتقا ساداقا بىرىپ دۇئا قىلدۇرسا، يا ئۆزى ئۆزىگە تۆبە قىلسا، يامان تۇش ياخشىغا ئۆرۈلەدو.

40. ئىيكىن زىنزە يامان تۇشتىن قورۇققىلى لازىم ئەمەس.

تەييارلىغۇچى: مۇختار مۇھەممەد



# قەشقەردە ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر تىبابىتىگە ئائىت قەدىمقى كىتابلارنىڭ كاتالوگى

ئابدۇراخمان باقى

**1. شىپائىل قۇلۇپ** (قەلبلەر شىپاسى)

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 322 بەت، 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى بەدىردىن سوپاخون چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن يازغان، ئەنئەنىۋى تېبابەتكە ئائىت كىتاب، ئادەم بەدىنىدە يۈز بېرىدىغان تۈرلۈك كېسەللىكلەرنى تېپىپ دورا بىلەن داۋالاش ۋە دورا ياساش ئۇسۇللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش مەقسىتىدە يېزىلغان، بۇنىڭدىن ئىنسان بەدىنىدىكى (قان، سەپرا، بەلغەم، سەۋدا) دىن ئىبارەت تۆت خىلتنىڭ ئارتۇق ياكى كەملىكىدىن پەيدا بولىدىغان تۈرلۈك كېسەللىكلەر ۋە تاشقى زەربىدىن پەيدا بولغان جاراھەت زەخملەر ھەمدە ئۇلارنى داۋالاش چارىلىرى، باش ئاغرىقى، مېڭە ئاغرىقى، روھى ئاجىزلىق، كەم ماغدۇرلۇق، بۆرەك ئاجىزلىقى، يۈرەك ئاجىزلىقى، ئاياللار كېسەللىكلىرى، چىش ئاغرىقى، زۇكام، مەنى تۇتالماسلىق، تولغاق، سۆزنەك قاتارلىق كېسەللىكلەردىن ۋە ئۇنى داۋالاش ئۇسۇللىرى، دورىلارنىڭ رېتسېپلىرى ۋە بۇ دورىلارنىڭ تەركىبى، ياساش ئۇسۇللىرى بايان قىلىنغان.

بۇ 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى نامەلۇم بىرسى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن قوليازما. ماتېرىيالى خوتەن قەغىزى، تۈپلىنىشى كېپىنەك شەكىللىك، خەت شەكلى تەئلىق، سىياھ رەڭگى قارا، بەت يۈزىنىڭ ھەجمى 19.5×26.5cm، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ھەجمى 18.5×12cm، يان سىزىقى يوق، ھەر بىر بەتتە 15 قۇر خەت بار، خەتسىز بەت يۈزىدە خەت بار، قىسمەن بەتلەرنىڭ خەتسىز يۈزىدە تېبابەتكە ئائىت پارچە ۋە ئۇيغۇرچە ئىزاھاتلار بېرىلگەن، تېرە تاشلىق، قاتتىق مۇقاۋىلىق بولۇپ، باب ۋە دورىلارنىڭ ئىسىملىرى قىزىل سىياھ بىلەن يېزىلغان، قىسمەن بەتلەردە نىشان (تامغا) بار، تولۇق ياخشى ساقلانغان.

قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGQ024-نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا.

**2. ھاياتۇل ھايۋان** (جانلىقلار ھاياتى)

تومغا بۆلۈنمىگەن، ئىككى قىسىم، 930 بەت، 12-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىمام مۇھەممەد غەززالى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن يازغان، ھايۋاناتلار ئەزالىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ھەمدە داۋالاشتا ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى ۋە ئابباسىيلار سۇلالىسى پادىشاھلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق تارىخىنى تونۇشتۇرىدىغان كىتاب.

كىتابتا مۇھەممەد قائىر بىللا، ئەبۇل ئابباس ئىبرا-

ھم مۇتتەقىبللا، ئابدۇللا مۇستەكفى قاتارلىق ئابباسىيلار سۇلالسى پادىشاھلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە شۇ چاغلاردكى مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەر: يەنە تەبىئەت دۇنياسىدىكى نۇرغۇن جانلىقلار ۋە ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ناملىرى، جىسمانىي ئالاھىدىلىكلىرى، ياشاش ھەمدە ئۇلارنىڭ شىپالىق رولى قاتارلىق تەرەپلەرمۇ تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

بۇ ئەرەبچىدىن كامالىددىن دەمەرى پارس تىلىغا تەرجىمە قىلغان، مىلادىيە 1900 ـ يىلى تاتارىستاننىڭ قازان شەھرىدە بېسىلغان مىخ مەتبەئە نۇسخا، ماتېرىيالى زاۋۇت قەغىزى، تۆپلىنىشى كېپىنەك شەكىللىك، خەت شەكلى مەتبەئە خەت شەكلىدە، سىياھ رەڭگى قارا، بەت يۈزىنىڭ ھەجمى 22×31cm، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ھەجمى 26.5×16.5cm، يان سىزىقى قوش سىزىقلىق رامكا شەكلىدە، ھەر بىر بەتتە 31 قۇر خەت بار، خەتسىز بەت يۈزى ئاق، قاتۇرما قەغەز مۇقاۋىلىق، ئىچ مۇقاۋىسى نەقىش بىلەن زىننەتلەنگەن، تولۇق ياخشى ساقلانغان.

قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGQ049 ـ نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا.

**3. شەرھى يۈسۈپى (يۈسۈپ كىتابىنىڭ شەرھىسى)**

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 438 بەت، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا مەۋلانە يۈسۈپ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن يازغان، ئەنئەنىۋى تىبابەتكە ئائىت كىتاب، ئەنئەنىۋى تىبابەتنىڭ مۇھىم دىياگنوزلىرى، داۋالاش چارىسى، ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنىڭ رېتسېپىنى چۈشەندۈرۈش ۋە كېسەلنى داۋالاپ ئاغرىق ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇش مەقسىتىدە يېزىلغان.

ئۇنىڭدا ئادەم بەدىنىدە يۈز بېرىدىغان خىلمۇ خىل ئىچكى ۋە تاشقى كېسەللىكلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئالامەتلىرى، ئۇنى داۋالاش يوللىرى، ئۇلارغا بېرىلىدىغان دورىلار، دورىلارنىڭ تەركىبى، قوشۇلىدىغان ماتېرىياللارنىڭ مىقدارى، ياساش ئۇسۇللىرى، كېسەل كىشىلەر تۇتىدىغان پەرھىزلەر بايان قىلىنغان.

ئەڭ ئاددىي كېسەللىكلەردىن تارتىپ، ئەجەلگە بېرىپ تاقىلىدىغان كېسەللىكلەرگىچە كېسەللىك ئەھۋالى تەتقىق قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئامال ۋە ئىلاجلىرى تەپسىلىي كۆرسىتىلگەن.

كىتاب تېبابەت قىممىتىدىن باشقا، ئەدەبىي جەھەتتىمۇ مەلۇم قىممەتكە ئىگە. ئۇنىڭدا بەزى كېسەللىكلەر ۋە ئۇنىڭ داۋالاش يوللىرى شېئىرىي شەكىل بىلەن بايان قىلىنغان.

بۇ ھىجرىيە 1342 ـ (مىلادى 1924 ـ) يىلى ئابدۇللا روزى كۆچۈرگەن قولىيازما. ماتېرىيالى خوتەن قەغىزى، تۆپلىنىشى كېپىنەك شەكىللىك، خەت شەكلى تەئلىق، سىياھ رەڭگى قارا، بەت يۈزىنىڭ ھەجمى 24.5cm، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ھەجمى 14×10cm، يان سىزىقى يوق، ھەر بىر بەتتە 11 قۇر خەت بار، خەتسىز بەت يۈزى ئاق، تېرىدىن تاشلانغان قاتتىق مۇقاۋىلىق بابلار قىزىل سىياھ بىلەن يېزىلغان، نىشان (تامغا) بار، مۇقاۋىسى ئاجرىغان، تولۇق، ياخشى ساقلانغان.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلەر خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىدا XFQ078 ـ نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا.

**4. مىزانى تىب (تېبابەتچىلىك مىزانلىرى)**

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 304 بەت، 18 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ھەكىم مۇھەممەد كەبىر چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن يازغان. بۇ تېبابەتچىلىككە ئائىت قوللانما خاراكتېرلىق كىتاب، ئەنئەنىۋى تېبابەتنىڭ نەزەرىيەۋى ۋە كېسەل كۆرۈش، دورا ياساش، رېتسېپ، كېسەللىك ئالامەتلىرى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ كېسەللەر ئۆزىنى ئۆزى داۋالاشقا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇش مەقسىتىدە يېزىلغان. بۇنىڭدا ئادەم بەدىنىدىكى ئىچكى، تاشقى كېسەللىكلەر ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرى، دىياگنوز قويۇش ئۇسۇللىرى، كېسەللەرگە بېرىلىدىغان دورىلار ۋە ئۇنىڭ رېتسېپلىرى، دورىلارنى ياساش ئۇسۇللىرى، دورىلارنىڭ تەركىبى، دورا ئۆسۈملۈك ماتېرىياللىرىنىڭ نامى، ئىشلىتىلىشى، مىقدارى قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان ھەمدە ئەنئەنىۋى تېبابەتچىلىك دورىلىرىنى ياساش، دورا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ نامى، كېسەللىك نەزەرىيەسى، كۆرسىتىلگەن رېتسېپ، دورا ياساش ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ كىشىلەرنىڭ ئۆزدىنى ئۆزى داۋالاش يوللىرىنىمۇ كۆرسەتكەن كىتاب.

بۇ مىلادى 23 ـ يىلى تاشكەنتتە بېسىلغان تاش

باسما، ماتېريالى زاۋۇت قەغىزى، تۆپلىنىشى يېپىلىق شە-
كىللىك، خەت شەكلى تەئلىق، سىياھ رەڭگى قارا، بەت
يۈزىنىڭ ھەجمى 22.5×14cm، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ
ھەجمى 18×6cm، قوش سىزىقلىق رامكا شەكلىدە، ھەر
بىر بەتتە 22 قۇر خەت بار، خەتسىز بەت يۈزىدە خەت
بار، خەتسىز بەت يۈزىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىغا شۇ بەتتە
سۆزلەنمەكچى بولغان مەزمۇنىنىڭ تېمىسى ھەم بەت نومۇ-
رى يېزىلغان، ئاساسىي مەزمۇن ۋە تېمىلار چوڭ قارا
خەت بىلەن يېزىلغان، كىتابنىڭ ئاخىرقى بەتلىرى يۇچىلان-
غان.

قەشقەر ۋىلايىتى، يەكەن ناھىيەلىك ئارخىپ ئىدارى-
سىدە XGQ133-نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا.

**5. دەستۇرۇل-ئىلاج (داۋالاش دەستۇرى)، ئەزد-
مۇل-مەنافىئە**

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 643 بەت، 16-ئە-
سىردە سۇلتان ئەلى خۇراسان چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن
تەئلىق خەت نۇسخىسىدا يازغان، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تېبا-
بىتىدە تۇرلۇك ئىچكى ۋە تاشقى كېسەللىكلەر ۋە ئۇنى
داۋالاش چارىلىرى ھەققىدە يېزىلغان تېببىي ئەسەر، ئوت-
تۇرا ئاسىيادىكى خۇراسان شاھزادىلىرىدىن ئەبۇلمەنسۇر
ۋە ئەبۇل مۇزەپپەرلەرنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن ئوردا
ئۈچۈن مەخسۇس تېبابەت دەستۇرى تەييارلاش مەقسىتى-
دە يېزىلغان.

بۇ ھىجرىيە 1177-(مىلادى 1769-)يىلى نامەلۇم
بىرسى تەرىپىدىن سامان قەغەزگە كۆچۈرۈلگەن قوليازما،
يېپىلىق تۈپلەنگەن، سىياھ رەڭگى قارا، بەت يۈزىنىڭ
ھەجمى 29.5×15.5cm، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ
ھەجمى 24×12.5cm، يان سىزىقى ئۈچ سىزىقلىق رامكا
شەكلىدە، قاتۇرما قەغەز بىلەن ئىشلەنگەن قاتتىق مۇقاۋى-
لىق، مۇقاۋا ئۈستىگە ئويما نەقىش چېكىلگەن، باب، كې-
سەللىك ۋە دورا ناملىرى قىزىل سىياھ بىلەن يېزىلغان،
مۇقاۋا ۋە بەتلەر ئاجراپ كەتكەن، ئەمما تولۇق ساقلان-
غان.

قەشقەر ۋىلايىتى يېڭىسار ناھىيە بازارلىق ھۆكۈمەت
4-مەھەللىدىكى ئابلەي مەخسۇمنىڭ ئۆيىدە XGQ186-
نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلىنىۋاتىدۇ.

**6. داۋالاش قوللانمىسى**

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 130 بەت، 1920-
يىلى مەمەتئىلى ھاجى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن يازغان،
ئۇيغۇر تېبابىتىدە كېسەل داۋالاش جەريانىدا تەجرىبىلەر-
دىن ئۆتكەن توپلام. كىتابتا تومۇر تۇتۇپ كېسەل
داۋالاش تەجرىبىلىرى، زۇكام، مەيدە ئاغرىقى، شاخچى
كارناي ياللۇغى، پالەچ كېسەللىكى، كۆز، يۈرەك ئاغرى-
قى، بوغۇم ئاغرىقى، بەش ئەزا كېسەللىكى، بەل-پۇت
ئاغرىقى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى ئۇيغۇر تېبابىتى بويىچە
داۋالاش ئۇسۇللىرى، دورا تەييارلاش، ياساش ئۇسۇللى-
رى بۇ ھەقتىكى تەجرىبىلەر سىناقتىن ئۆتكەن رېتسېپلار
ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلگەن. مەسىلەن، پالەچ كېسىلىنى دا-
ۋالاشتا ھەسەل سۇيىگە مۇۋاپىق مىقداردا ئۈچ ئاياق (ئۆ-
سۈملۈك)نى قاينىتىپ، قايناپ ئىككى ھەسسە قالغاندا
سومۇل، خۇلىنجان، دارچىن، پىلپىل، زەنجىۋىللەردىن بىر
مىسقال سوقۇپ ئىككى - ئۈچ قېتىم قاينىتىپ، مۇۋاپىق
مىقداردا يەپ بەرسە پالەچ كېسىلى ساقىيىدۇ، دەپ كۆر-
سىتىلگەن.

بۇ 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا نامەلۇم بىرسى تەرىپى-
دىن كۆچۈرگەن قوليازما، ماتېريالى خوتەن قەغىزى،
تۈپلىنىشى كېپىنەك شەكىللىك، خەت شەكلى تەئلىق،
سىياھ رەڭگى قارا، بەت يۈزىنىڭ ھەجمى 20×12.5cm،
خەت چۈشكەن يۈزى 12×7.5cm، يان سىزىقى يوق،
ھەر بىر بەتتە 11 قۇر خەت بار، خەتسىز بەت يۈزى ئاق،
كۆندىن تاشلانغان قاتتىق مۇقاۋىلىق، باش-ئاخىرى
تولۇق ئەمەس.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسى تەت-
قىقات ئىشخانىسىدا XGQ245-نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن
ساقلىنىۋاتىدۇ.

**7. تېبابەت رىسالىلىرى**

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، بەت سانى 120، 18-
ئەسىردە نامەلۇم بىرسى تەرىپىدىن يېزىلغان، بۇ تېبابەتكە
ئائىت ئەسەر بولۇپ بۇنىڭدا ھەر خىل كېسەللىك ۋە
ئۇنىڭ پەيدا بولۇش يوللىرى، داۋالاش ئۇسۇللىرى بايان
قىلىنغان، مەسىلەن، قورساق ئاغرىقى، يۆتەل، زۇكام،
باش ئاغرىق، جاراھەت قاتارلىق كۆپ ئۇچرايدىغان كې-
سەللىكلەرنى داۋالاش، دورا بېرىش ئۇسۇللىرى تەپسىلى
بايان قىلىنغان، ئەگەر كىشىنىڭ ئىچى سۈرۈپ قالسا زەن-

جىۋىلدىن بىر مىسقال ئېلىپ بىر پىيالە سۇ بىلەن قوشۇپ ئىچىۋەتسە ئىچى سۈرۈككە داۋا بولىدۇ. ئەگەر كىشىنىڭ ئاشقازىنى ئاجىزلاپ كېتىش سەۋەبىدىن سېسىق كېكىرىپ قالسا قەلەمپۇرنى سۇ بىلەن قاينىتىپ ئىچىپ بەرسە ئاشقازانغا شىپا بولىدۇ، ئەگەر كىشىنىڭ قولتۇقى سېسىق پۇراق قالسا سىركىنى قولتۇققا چاپسا قولتۇق پۇراش ساقىيىدۇ.

بۇ 1909 - يىلى نامەلۇم بىرسى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن قولىيازما، ماتېرىيالى خوتەن قەغىزى، تۈپلىنىشى يېپلىق، خەت شەكلى تەئلىق، سىياھ رەڭگى قارا، بەت يۈزىنىڭ ھەجمى 19×11mc ، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ھەجمى 15×7mc ، يان سىزىقى يوق، ھەر بىر بەتتە 11 قۇر خەت بار، خەتسىز بەت يۈزى ئاق، كۆندىن تاشلانغان قاتتىق مۇقاۋىلىق، ھەر بىر كېسەلگە دورا بېرىش ئۇسۇلى چوڭ خەت بىلەن يېزىلغان، باش - ئاخىرى تولۇق ئەمەس.

قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدە XGQ270 - نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا.

**8. دورىگەرلىك ئىلمى**

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، بەت سانى 324، 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مۇھەممەد ئابدۇللا تەرىپىدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان، دورىگەرلىك رېتسېپلىرىنى تونۇشتۇرۇش ئاساسىدا يېزىلغان كىتاب، بۇنىڭدا تۈرلۈك كېسەللىكلەرگە داۋا بولىدىغان رېتسېپلار يېزىلغان. مەسىلەن، بادام مېغىزىنىڭ كېسەل داۋالاش خۇسۇسىيىتى ۋە توغراق پوستى، زەنجىۋىلنىڭ خۇسۇسىيىتى، قاپاق ئۇرۇقىنىڭ خۇسۇسىيىتى دېگەندەك رېتسېپلار، شۇنىڭدەك بىر قىسىم كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۇسۇللىرى، مەسىلەن، باللاردىكى سىيگەكلىك كېسىلى ۋە ئۇنى داۋالاشتا خورازنىڭ كارنىينى كۆيدۈرۈپ كۈلىنى يېگۈزسە بۇ كېسەلگە شىپا بولىدۇ دېگەنگە ئوخشاش.

كىتابنىڭ نۇسخىسى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا نامەلۇم بىرسى تەرىپىدىن كۆچۈرگەن قولىيازما، ماتېرىيالى خوتەن قەغەز، تۈپلىنىشى يېپلىق، خەت شەكلى تەئلىق، سىياھ رەڭگى قارا، بەت يۈزىنىڭ ھەجمى 22×14cm ، خەت چۈشكەن يۈزى 12×8cm ، يان سىزىقى يوق، ھەر بىر بەتتە 11 - 12 قۇر خەت بار، خەتسىز بەت يۈزى ئاق، دورىلارنىڭ رېتسېپلىرى قىزىل سىياھ بىلەن يېزىلغان، باش - ئاخىرى تولۇق ئەمەس.

قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدە XGQ276 - نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا.

**9. ھاياتۇل ھايۋان**

تومغا بۆلۈنگەن، 1 - توم، 541 بەت، ھىجرىيە 1321 - (مىلادىيە 1903 - ، 1904 -)يىلى كامالىدىن دەمىرى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن يازغان ھايۋاناتلارنىڭ دورىلىق خۇسۇسىيەتلىرى ھەمدە داۋالاشتا ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغان تېببىي كىتاب، بۇنىڭدا شىر (ئارسلان)، تۆگە، ئابابىل (كىچىك قۇش)، توشقان، قىزىل قۇرت، قۇم قۇرتى، كىرپە، بۆرە، قارچىغا، شاتۇت، سۇ قۇشى، چېكەتكە، سېرىقئېشەك، قوي، تۈلكە، توخۇ... قاتارلىق ھايۋاناتلار ۋە قۇشلار توغرىسىدىكى ھېكايەتلەر ۋە بۇ قۇشلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى، كېسەل داۋالاشتا ھايۋاناتلارنىڭ، قۇشلارنىڭ تۈرلۈك ئەزالىرىنىڭ ئوينايدىغان شىپالىق رولى، مەشھۇر تېببىي ئۆلىمالارنىڭ بۇ ھەقتە سۆزلىگەن سۆزلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈلۈپ داۋالاش تەدبىرلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھىندىستاندا بېسىلغان مىخ مەتبەئە نۇسخا، ماتېرىيالى سامان قەغەز، تۈپلىنىشى يېپلىق، خەت شەكلى دىۋان خەت شەكلى، سىياھ رەڭگى قارا، بەت يۈزىنىڭ ھەجمى 31×23cm ، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ھەجمى 26×16cm ، يان سىزىقى قوش سىزىقلىق رامكا شەكلىدە، ھەربىر بەتتە 31 قۇر خەت بار، خەتسىز بەت يۈزى ئاق، قاتۇرما قەغەز مۇقاۋىلىق، تاش مۇقاۋىسى ۋە بەتلىرى تۆپتىن ئاجرىغان.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسى تەتقىقات ئىشخانىسىدا XGQ289 - نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا.

**10. مىزانى تىب (تېبابەت مىزانى)، قانۇنچە**

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، بەت سانى 141، 17 - ئەسىردە مۇھەممەد ئەكبەر ئەرزانى پارس تىلى بىلەن يازغان، ئادەملەرنىڭ مىجەزى ۋە ئۇلاردا كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەر ھەم ئۇنىڭ ئالامەتلىرى، داۋالاش تەدبىرلىرى ھەققىدىكى تېببىي كىتاب، ئەنئەنىۋى تېبابەت نەزەرى-

يەسى ۋە ئەمەلىيىتىنى چۈشەندۈرۈش مەقسىتىدە يېزىلغان، ئۇنىڭدا ئادەم بەدىنىدە يۈز بېرىدىغان، كېسەللىكلەرنىڭ قان، سەپرا، بەلغەم، سەۋدادىن ئىبارەت تۆت خىلتقا باغلىق بولۇنىدىغانلىقى، ئادەملەردىكى روھ — روھى تەبىئىي، روھى نەپسانى، روھى ھايۋانى قاتارلىق ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدىغانلىقى، روھى تەبىئىي جىگەردىن چىقىپ تومۇرنىڭ ئىچىدە يۈرىدىغانلىقى، روھى نەپسانى مېڭىدىن چىقىپ ئەزادىكى تامامى پەيلەرنىڭ ئىچىدە يۈرىدىغانلىقى، روھى ھايۋانى يۈرەكتىن چىقىپ تامامى ئەزادىكى مىدىرلاپ تۇرىدىغان تومۇرنىڭ ئىچىدە يۈرىدىغانلىقى قاتارلىق ئەنئەنىۋى تېبابەت كۆز قارىشى بايان قىلىنغان، كىتابتا ئادەم بەدىنىدە بولىدىغان پۈتۈن ئۆزگىرىشلەر، ئۇنىڭ سەۋەبلىرى ۋە داۋالاش چارە - تەدبىرلىرى بەلگىلىك تېببىي قانۇن ۋە نىزاملارغا سېلىنىپ كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

بۇ 1871-يىلى پاكىستان ھەيدەر ئابادتا بېسىلغان، مۇھەممەد سەئىد تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان تاش باسما نۇسخا، ماتېرىيالى زاۋۇت قەغىزى، تۈپلىنىشى كېپىنەك شەكىللىك، خەت شەكلى تەئلىق، سىياھ رەڭگى قارا، بەت يۈزىنىڭ ھەجمى 24.5×16.5cm، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ھەجمى 1×10cm، يان سىزىقى تاق سىزىقلىق رامكا شەكىللىك، ھەر بىر بەتتە 15 قۇر خەت بار، خەتسىز بەت يۈزىدە خەت بار، خەتسىز بەت يۈزىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە بابلار، ماۋزۇلارنىڭ ناملىرى يېزىلغان، يان تەرىپىگە ئەسەرنىڭ بىر قىسىم مەزمۇنلىرى پۈتۈلگەن، قاتۇرما قەغەز مۇقاۋىلىق، كىتاب ئىنتايىن چىرايلىق ھۆسنخەت بىلەن يېزىلغان، بىر قەدەر ياخشى ساقلانغان.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىدا XGP006-نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا.

**11. كېسەللىك ۋە ئىلاج**

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 148 بەت، 18-ئەسىردە ئىسمائىل بىننى ئەخمەت جۇرجانى پارس تىلى بىلەن يازغان. كىشىلەرنى كېسەللىكلەر ۋە ئۇنى داۋالاشنىڭ ئۇسۇللىرى ھەققىدىكى بىلىملەر بىلەن قوراللاندۇرۇش مەقسىتىدە يېزىلغان، ئادەم بەدىنىدە يۈز بېرىدىغان كېسەللىكلەر ۋە ئۇنى داۋالاش يوللىرى توغرىسىدىكى تېببىي كىتاب بولۇپ، بۇنىڭدا ھەر بىر كېسەللىك تۈرلەر بويىچە كۆرسىتىلگەن، ھەر بىر كېسەللىكنى داۋالاشنىڭ يوللىرى، ئىچكى ۋە تاشقى كېسەللىكلەر ۋە ئۇنى قايسى خىل دورىلار بىلەن داۋالاش كونكرېت ۋە ئېنىق كۆرسىتىلگەن. مەسىلەن، يۇقىرىسى مېڭە ئاغرىقىدىن تارتىپ تۆۋىنى چىش ئاغرىقىغىچە بولغان كېسەللىكلەر ۋە ئۇنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبلىرى بايان قىلىنىپ، ھەر بىر كېسەللىككە بېرىدىغان دورىلارنىڭ رېتسېپى كونكرېت يېزىلغان، كىتابنىڭ كېيىنكى بۆلىكىدە بىر قىسىم دورىلارنىڭ تەركىبى ۋە ئۇنى ياساش ئۇسۇلى بېرىلگەن.

بۇ ھىجرىيە 1284-(مىلادى 1867-، 1868-يىللىرى) يىلى بېسىلغان تاش باسما، ماتېرىيالى زاۋۇت قەغىزى، تۈپلىنىشى يېپىلىق، خەت شەكلى تەئلىق، سىياھ رەڭگى قارا، بەت يۈزىنىڭ ھەجمى 25×16.5cm، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ھەجمى 18×10cm، يان سىزىقى قوش سىزىقلىق رامكا شەكلىدە، ھەر بىر بەتتە 14 قۇر خەت بار، خەتسىز بەت يۈزىدە خەت بار، خەتسىز يۈزىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە بەت تەرتىپى، قىسىم ۋە ماقالە تەرتىپى ۋە شۇ بەتتىكى مەزمۇننىڭ ماۋزۇسى يېزىلغان، بۇ تېرىدىن تاشلانغان قاپارتما نەقىش ئىشلەنگەن مۇقاۋىلىق ۋە خەت ئويۇلغان قاتتىق تاشلىق كىتاب، باب ۋە ماۋزۇلار چوڭ خەت بىلەن يېزىلغان. كىتاب ياخشى ساقلانغان، ئەمما تىتۇل بىلەن قوشۇلۇپ باشتىن بىر بەت، ئاخىرىدىن بىر بەت يوقالغان.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلەر خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىدا XGP035-نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا.

**12. مەجمۇئىل-بەھرەين**

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، بەت سانى 80 بەت، 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ھېكىم ئابدۇلمالىك مۇجاھىت پارس تىلى بىلەن يازغان، شەرق ۋە غەرب تېبابىتىگە ئائىت كىتاب، غەرب ۋە شەرق تېبابەت ئىلمىنىڭ مۇھىم نەزەرىيەلىرىدىن ساۋات بېرىش ئارقىلىق، داۋالىغۇچى ۋە داۋالانغۇچىلارغا ياردەم بېرىش مەقسىتىدە يېزىلغان، ئۇنىڭدا قەدىمكى يۇنان تېبابىتىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەلىرى ۋە شەرق ئەنئەنىۋى تېبابىتىنىڭ دىياگنوز قويۇش ئۇسۇل-

لىرى ھەققىدىكى مەزمۇنلار بايان قىلىنغان، بولۇپمۇ شەرق تېبابىتىدىكى تۆت خىلت (قان، سەپرا، بەلغەم، سەۋدا) ۋە ئۇنىڭ مىجەز (مىزاج) بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب ئىكەنلىكى قاتارلىق مەزمۇنلار تۈرلۈك شەكىل ۋە ئىسخېمىلار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلگەن.

بۇ 1887-يىلى ھىندىستاننىڭ دېھلى شەھىرىدە بېسىلغان مىخ مەتبەئە نۇسخا، ماتېرىيالى زاۋۇت قەغىزى، تۈپلىنىشى مىخلىق، خەت شەكلى مەتبەئە خەت شەكلىدە، سىياھ رەڭگى قارا، بەت يۈزىنىڭ ھەجمى 21.5×14cm، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ھەجمى 17×10cm، يان سىزىقى يوق، ھەر بىر بەتتە 20 قۇر خەت بار، خەتسىز بەت يۈزى ئاق، كىتاب قاتۇرما قەغەز مۇقاۋىلىق بولۇپ باش مۇقاۋىغا ئاپتورنىڭ سۈرىتى بېرىلگەن، ئاساسىي نەزەرىيەلەر شەكىل ۋە چېرتيوژ ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلگەن، بابلار چوڭ خەت بىلەن يېزىلغان، ئېلېمېنتلارنىڭ نامى لاتىنچە يېزىلغان.

قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGP034-نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا.

**13. پىھرەست مەركىبات (رېتسېپلارنىڭ مۇندەرىجىسى)**

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، بەت سانى 84 بەت، 1905-يىلى ھېكىم غولام جىلانىخان پارس تىلىدا يازغان، بۇ تۈرلۈك دورىلارنىڭ رېتسېپى ۋە بۇ دورىلارنىڭ شىپالىق رولى چۈشەندۈرۈلگەن تېببىي مەزمۇندىكى كىتاب، كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىگە ئاساسلانغاندا، دوختۇرخانىلاردا ئىشلىگۈچى تېببىي خادىملارغا ياردەم ۋە مەسلىھەت بېرىش مەقسىتىدە يېزىلغان، ئۇنىڭدا تۈرلۈك كېسەللىكلەرگە بېرىلىدىغان دورىلارنىڭ نامى، شىپالىق رولى، بۇ دورىلارنىڭ تەركىبى، ئىستېمال قىلىنىدىغان مەزگىللىرى جەدۋەل ئارقىلىق تەپسىلىي كۆرسىتىلگەن، بۇ دورىلار ئاشۇ دورىلار نامىنىڭ باش ھەرپى بويىچە لۇغەت شەكلىدە رەتكە تۇرغۇزۇلغان، شۇڭا كىتاب پايدىلانغۇچىلار ئۈچۈن تولىمۇ ئوڭايلىق تۇغدۇرىدۇ.

20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تاشكەنتتە بېسىلغان تاش باسما نۇسخا، ماتېرىيالى زاۋۇت قەغىزى، تۈپلىنىشى كېپىنەك شەكىللىك، خەت شەكلى تەئلىق، سىياھ رەڭگى قارا، بەت يۈزىنىڭ ھەجمى 25.8×16.3cm، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ 23.8×14.5cm، يان سىزىقى قوش سىزىقلىق رامكا شەكلىدە، ھەر بىر بەتتە 33 قۇر خەت بار، خەتسىز بەت يۈزىدە خەت بار، كۆپىنچە بەتلەرنىڭ خەتسىز بەت يۈزىگە ئىزاھات مەزمۇنىدىكى خەتلەر يېزىلغان، ھەممە بەتكە كىتابنىڭ نامى بېرىلگەن، قاتۇرما قەغەزدىن ئىشلەنگەن قاتتىق مۇقاۋىلىق، دورىلارنىڭ نامى ھۆسنخەت بىلەن يېزىلغان.

قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGP052-نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا.

**14. قارابادىن قادىرى پارسى («قارابادىن قادىرى» ناملىق كىتابنىڭ پارسچە نۇسخىسى)**

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، بەت سانى 568 بەت، 17-ئەسىرنىڭ ئاخىرى مۇھەممەد ئەكبەر ئەرزانى پارس تىلى بىلەن يازغان، ئەنئەنىۋى تېبابەت توغرىسىدىكى تېببىي كىتاب، تۈرلۈك ئىچكى ۋە تاشقى كېسەللىكلەرگە دىياگنوز قويۇش ۋە ئۇنى داۋالاشقا يول كۆرسىتىش مەقسىتىدە يېزىلغان، ئۇنىڭدا ھەر بىر كېسەللىك ئۆز تۈرى بويىچە بابلارغا ئايرىلىپ بايان قىلىنغان بولۇپ ھەر بىر بابتا شۇ خىل كېسەللىكلەرنىڭ ئالامەتلىرى، يۈز بېرىش سەۋەبلىرى، ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان دورىلار، دورىلارنىڭ رېتسېپلىرى، تەركىبى، دورىلارغا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللارنىڭ مىقدارى ناھايىتى ئەتراپلىق ۋە مۇپەسسەل تونۇشتۇرۇلغان، ھەتتا بەزى دورىلارنىڭ، يەنى بىر دورىنىڭ ئورنىنى باسىدىغان رولىمۇ كۆرسىتىلگەن.

بۇ مىلادى 1902-يىلى نوكشۇر مەتبەئەسىدە بېسىلغان تاش باسما نۇسخا، ماتېرىيالى زاۋۇت قەغىزى، تۈپلىنىشى كېپىنەك شەكىللىك، خەت شەكلى تەئلىق، سىياھ رەڭگى قارا، بەت يۈزىنىڭ ھەجمى 25.5×16.5cm، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ 23.5×14.5cm، يان سىزىقى تاق سىزىقلىق رامكا شەكلىدە، بىر بەتتە 21 قۇر خەت بار، خەتسىز بەت يۈزىدە خەت بار، قىسمەن بەتلەرنىڭ خەتسىز يۈزىگە ئىزاھلار يېزىلغان، تېرىدىن تاشلانغان قاتتىق مۇقاۋىلىق، تىتۈل ھۆسنخەت ۋە نەقىش بىلەن بېزەلگەن، ماۋزۇلار، دورىلارنىڭ نامى چوڭ خەت بىلەن يېزىلغان، تولۇق، ياخشى ساقلانغان.

قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGP053-نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا.

**15. مىزان تىب**

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 202 بەت، 1767-يىلى مۇھەممەد ئەكبەر ئەرزانى پارس تىلى بىلەن يازغان، ئىنسان بەدىنىدىكى تۈرلۈك ئىچكى ۋە تاشقى كېسەللىكلەر، ئۇلارنىڭ ئالامەتلىرى ۋە ئۇلارنى داۋالاش چارىلىرى توغرىسىدىكى تىبابەت كىتابى.

كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك كېسەللىكلەرنى بايقاش ۋە ئۇنىڭغا دىياگنوز قويۇش ھەم بۇ كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئىقتىدارىنىڭ ئۆسۈشىگە ياردەم بېرىش مەقسىتىدە يېزىلغان.

ئۇنىڭدا ئادەم بەدىنىدە يۈز بېرىدىغان باش ئاغرىقى، كۆز ئاغرىقى، قۇلاق ئاغرىقى، ئېغىز بوشلۇقى ئاغرىقلىرى ۋە يۈرەك، ئاشقازان، جىگەر، تال، بۆرەك، مەقئەت، بەرەس (ئاق كېسەل)، رېماتىزم قاتارلىق 100 دىن ئارتۇق كېسەللىكلەر ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلىرى، يۈز بېرىش ئالامەتلىرى بۇ كېسەللىكلەرگە دىياگنوز قويۇش ئۇسۇلى، داۋالاش چارىلىرى، ئىشلىتىلىدىغان دورىلار ۋە ئۇلارنىڭ رېتسېپلىرى، دورىلارغا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللارنىڭ مىقدارى، دورىلارنى ياساش ئۇسۇللىرى قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان، ئەنئەنىۋى تىبابەت نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنى غەربچە تىبابەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش جەھەتتە مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

ھىجرىيە 1328-(مىلادىيە 1910-) يىلى ھىندىستاندا زاۋۇت قەغىزىگە بېسىلغان تاش باسما نۇسخا، يىپلىق تۇپلەنگەن، سىياھ رەڭگى قارا، بەت يۈزىنىڭ ھەجمى 27.5×17.5cm، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ھەجمى 18.5×11.3cm، يان سىزىقى تاق سىزىقلىق رامكا شەكلىدە، ھەر بىر بەتتە 19 قۇر خەت بار، خەتسىز بەت يۈزدە خەت بار، خەتسىز بەت يۈزىنىڭ ئۈچ تەرىپىگە ئەسلىي تېكىستنىڭ مەزمۇنىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى يېزىلغان، قاتۇرما قەغەز مۇقاۋىلىق، مۇقاۋىسى ئۈستىگە گۈل چۈشۈرۈلگەن، ئىچ مۇقاۋىسى نەقىش ۋە ھۆسنخەت بىلەن زىننەتلەنگەن، ئەسلىي مۇقاۋىسى يوقالغان، مۇقاۋا قاپلانغان، ئىچ مۇقاۋىسى گۈللۈك نەقىش ۋە ھۆسنخەت بىلەن ئىشلەنگەن.

رايونى قەشقەر ۋىلايەتلىك يېڭىسار ناھىيە بازارلىق ھۆكۈمەتتىكى ئابلەت مەخسۇمنىڭ ئۆيدە XGP131-نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلىنىۋاتىدۇ.

**16. قارابادىن كەبىر**

تومغا بۆلۈنگەن، 1-توم، 492 بەت، 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ھاكىم سەئىد مۇھەممەد ھۈسەينخان پارس تىلى بىلەن يازغان، يەككە ۋە مۇرەككەپ دورىلار رېتسېپلىرى ۋە ئۇلار ئارقىلىق كېسەل داۋالاش توغرىسىدىكى تىببىي كىتاب، كىتابتا تۈرلۈك دورىلارنى ياساش ۋە ئۇنى قايسى خىل كېسەللىكلەرگە قانداق ئىشلىتىش، دورىلارنىڭ مىقدارىنى تەڭشەش ئۇسۇللىرى، جۈملىدىن تالقان ياساش، تۈرلۈك شەربەتلەرنى ياساش ۋە تابلېتلىق دورىلارنى ياساش ئۇسۇللىرى ئالاھىدە تونۇشتۇرۇلغان، مەسىلەن، ئەبرىشىم شەربىتى، ئەبرىشىم تالقىنى، ئەپيۇن تالقىنى ۋە مەجۇلۇن مۇپەرىخ قاتارلىق دورىلارنى ياساش، ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى ھەققىدە تەپسىلىي توختالغان.

19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى تاشكەنتتە بېسىلغان تاش باسما نۇسخا، ماتېرىيالى زاۋۇت قەغەز، تۇپلىنىشى كېپىنەك شەكىللىك، خەت شەكلى رۇقئى خەت نۇسخىسىدا، سىياھ رەڭگى قارا، بەت يۈزىنىڭ ھەجمى 32×24cm، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ھەجمى 24×18.5cm، يان سىزىقى تاق سىزىقلىق رامكا شەكلىدە، ھەر بىر بەتتە 33 قۇر خەت بار، خەتسىز بەت يۈزى ئاق، قاتۇرما قەغەزگە لاتىدا پاتلاپ ياسالغان قاتتىق مۇقاۋىلىق، ھەر بىر بەت قوش تىك سىزىق بىلەن تۆتكە ئايرىلىپ، تېكىست، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە يېزىلغان، باش-ئاخىرى تولۇق ئەمەس.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسى تەتقىقات ئىشخانىسىدا XGP167-نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا.

**17. قارابادىن ئەئزەم ۋە ئىكمال**

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 719 بەت، 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھېكىم مۇھەممەد ئەئزەمخان پارس تىلى بىلەن يازغان، تۈرلۈك كېسەللەر، ئۇنى داۋالاش ۋە دورا ياساش ئۇسۇللىرى توغرىسىدىكى تىببىي كىتاب، مىجەز خىلىتلار مەسىلەن، قۇرغاق، ئىسسىق، سوغۇق، ھۆل خىلىتلىرى توغرىسىدا توختالغاندىن كېيىن كۆز كېسەللىكلىرى، بۇرۇن، گال، ئېغىز پۇراش كېسەللىكلىرى ۋە ئۇنى داۋالاش ئۇسۇللىرى ھەمدە دورا رېتسېپلىرى، رەئىس ئەزا كېسەللىكلىرى بولۇپمۇ يۈرەك كېسەللىكلىرى، ئۇنىڭ پەيدا بولۇش ئەھۋالى، ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەش ئۇسۇللىرى، ئاشقازان كېسەللىكلىرى، تاناسىل

MIRAS

ئەزا كېسەللىكلىرى، بوغۇم ياللۇغى، رېماتىزىم كېسەللىكلىرى، تېرە كېسەللىكلىرى، يۇقىرىقى كېسەللىكلەرنى داۋالاش رېتسېپلىرى ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرى، دورا مىقدارى، دورا ياساش ئۇسۇللىرى قاتارلىق ئىنچىكە تەپسىلاتلار مۇكەممەل بايان قىلىنغان.

بۇ ھىجرىيە 1327 ـ (مىلادىيە 1909 ـ يىلى) دېھلىدا بېسىلغان تاش باسما نۇسخا، ماتېرىيالى زاۋۇت قەغەز، تۈپلىنىشى يىپلىق، خەت شەكلى رەيھان خەت شەكلى، سىياھ رەڭگى قارا، بەت يۈزىنىڭ ھەجمى 27×21cm، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ھەجمى 23×15 . 5cm، يان سىزىقى تاق سىزىقلىق رامكا شەكلىدە، ھەر بىر بەتتە 25 قۇر خەت بار، خەتسىز بەت يۈزى ئاق، قاتۇرما قەغەزدىن ئىشلەنگەن قاتتىق مۇقاۋىلىق، باش ـ ئاخىرى تولۇق.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسى تەتقىقات ئىشخانىسىدا XGP168 ـ نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا.

**18. ئىكسىر ئەزەم**

تومغا بۆلۈنگەن، 3 ـ تومى، 774 بەت، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ھېكىم مۇھەممەد ئەزەمخان پارس تىلى بىلەن يازغان. جاھىل خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرگە دىياگنوز قويۇش ۋە ئۇنى داۋالاش توغرىسىدىكى تېببىي كىتاب، كىتابنىڭ بۇ 3 ـ تومىدا ئاساسەن جىگەر كېسەللىكلىرى، ئۇنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى، ئۇنىڭ بايقىلىش ئەھۋالى، ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرى، تال ۋە ئۇنى داۋالاش ئۇسۇللىرى، گېمورويى كېسەللىكلىرى، مەقئەت ئىششىقى. مەقئەت ئاقمىسى، بۇ خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۇسۇللىرى، بۆرەك كېسەللىكلىرى، يۈرەك ئاجىزلىشىش، بۆرەك ياللۇغلىنىش، بۇ خىل كېسەللىكلەرنىڭ ئالامەتلىرى ۋە ئۇنى داۋالاش، ئاياللار كېسەللىكلىرى بالىياتقۇ ئىششىقى، بالىياتقۇ زەئىپلىكى، بالىياتقۇ بويىنى زەخىملىنىش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش، بايقاش ئۇسۇللىرى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان.

19 ـ ئەسىردە دېھلىدا بېسىلغان تاش باسما نۇسخا، ماتېرىيالى زاۋۇت قەغەز، تۈپلىنىشى يىپلىق، خەت شەكلى رەيھانە خەت شەكلى، سىياھ رەڭگى قارا، بەت يۈزىنىڭ ھەجمى 31×23m، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ھەجمى 26×18cm، يان سىزىقى تاق سىزىقلىق رامكا شەكلىدە، ھەر بىر بەتتە 29 قۇر خەت بار، خەتسىز بەت يۈزى ئاق، كۆندىن تاشلانغان قاپارتما نەقىشلىك قاتتىق مۇقاۋىلىق، تولۇق، ياخشى ساقلانغان.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسى تەتقىقات ئىشخانىسىدا XGP169 ـ نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا.

**19. سەرەپە سۇخەن**

تومغا بۆلۈنگەن، بىر قىسىم، 369 بەت، ھىجرىيە 1269 ـ (مىلادىيە 1852 ـ) يىلى سەئىد مۇھسىن ئەلى مۇھسىن پارس تىلى بىلەن يازغان.

بۇ تېبابەت ئالىملىرىنىڭ ۋە ئادەم بەدىنىدىكى ھەر قايسى ئەزالار ۋە ئۇنىڭ فۇنكسىيەسىنى تونۇشتۇرىدىغان تېبابەت خاراكتېرىدىكى ئەسەر بولۇپ، بۇنىڭدا سەئىد غولام زاخان، ئەسەر ئەلىخان دەھلى، ھۇسەيىن ئەلىخان باھادىر، غىزاخان ھۇسىينخان، سەئىد مۇھەممەدخان، مىرزا ئەھمەد بەگ، مۇھەممەد مۇستافاخان، مىزا رىشىت بەگ قاتارلىق تېببىي ئالىملارنىڭ تەرجىمىھالى تونۇشتۇرۇلۇش بىلەن بىللە ئادەم بەدىنىدىكى يۈرەك، مېڭە، بەش ئەزا، ئاشقازان... ھەتتا تىرناققىچە ھەر بىر ئەزانىڭ فۇنكسىيەسى تونۇشتۇرۇلغان. مەسىلەن، مېڭە ۋە يۈرەكنىڭ ئادەم بەدىنىدىكى رولىنىڭ مۇھىملىقى، يەنى نەرسىلەرنى ھېس قىلىش، ئەقىل ئىشلىتىش، تەپەككۇر قىلىش، قان ئايلىنىشنى راۋانلاشتۇرۇشتا ئوينايدىغان رولى قاتارلىقلار نەزمى شەكلىدە بايان قىلىنغان.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھىندىستاننىڭ نوكشۇر مەتبەئەسىدە بېسىلغان تاش باسما نۇسخا، ماتېرىيالى زاۋۇت قەغەزى، تۈپلىنىشى يىپلىق، خەت شەكلى تەئلىق، سىياھ رەڭگى قارا، بەت يۈزىنىڭ ھەجمى 26×17cm، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ھەجمى 23 . 8×13cm، يان سىزىقى قوش سىزىقلىق رامكا شەكلىدە، ھەر بىر بەتتە 17 قۇر خەت بار، خەتسىز بەت يۈزىدە خەت بار، خەتسىز بەت يۈزىگە ئىزاھات بېرىلگەن، ياخشى ساقلانغان.

قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدە XGP180 ـ نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا.

(ئاپتور: قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى)



شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ئابدۇبەسىر شۈكۈرى



شىنجاڭ سەنئەت تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى دىلشات پەرھات



يازغۇچى مۇھەممەد باغراش



شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ تەتقىقاتچىسى ئابدۇقەييۇم مىجىت




# 美拉斯

# MIRAS

# مىراس

主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑出版：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路 716 号文联大楼 14 层）电话：(0991)4554017
传真：(0991)4559756
发行：乌鲁木齐市邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一连续出版物号：CN65—1130/I
国际标准连续出版物号：ISSN1004—3829
代号：58-60 广告许可证号：6500006000040
E-mail:mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
国外发行：中国图书进出口总公司
印刷：新疆日报社印务中心
邮编：830001 定价：6.00 元
CHINA NATIONAL PUBLICATIONS
IMPORT & EXPORT (GROUP) CORPORATION
16Gongti E.Road, Chaoyang District, P.O.Box88, Beijing 100020, PR China
E—Mail:exprt@cnpiec.com.cn or library@cnpiec.com.cn
Fax:0086-10-6563069 Tel:0086-65856781 0086-10-65004552

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت Tel: 0991- 4554017 Fax:0991-4559756
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 1130/I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58 باھاسى: 6.00 يۈەن
پوچتا نومۇرى: 830001
E- mail: mirasuyghur@ 126. com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:1130BM
ئېلان ئىجازەتنامە نومۇرى:6500006000040